2002
يىل
ئاۋغۇست
№8
(4155)

يېڭى ھايات

Йени hаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي – سىياسىي گېزىت. 1970 – يىلى 1 – يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

موما! مەن مەكتەپكە بارىمەن.

ئۈچقۇن قۇربانىيازوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

چەت ئەل خەۋەرلىرى

سەئۇدىيە مىللىاردېرلىرى ئامېرىكىدىن قاچماقتا

سەئۇدىيە ئەرەبىستانىنىڭ يېتەكچى بانكىلىرىنىڭ بىرى – ئەل – رايھى ئىنۋېستمېنت ئاند دېۋېلوپمېنت گورۇپ ئا ق ش تىن ئۆز مەبلىغىنى ئېلىۋېلىشنى نىيەت قىلىۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى 11 – سېنتەبىردىكى تېررورلۇق ھەرىكەت قۇربانلىرىنىڭ «خەلق ئارا تېررورىزم ھامىيلىرىنى» سوتقا بەرگەنلىكىگە جاۋاۋەن قوبۇل قىلىنغان بۇ قارار سەئۇدىيە مىللىاردېرلىرىنىڭ ئامېرىكىدىن ئاممىۋى تۈردە كېچىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. سەئۇدىيەنىڭ باشقا بانكىلىرى، خەيرى – ئېھسانلىق تەشكىلاتلىرى ۋە كورول ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىر قاتاردا بۇ بانك ئۇساما بىن لادېننى ۋە «ئەل كائىدىنى» مەخپىي ھالدا مالىيە بىلەن تەمىنلىگەنلىكى توغرىلىق ئىش بويىچە جاۋاپكەر بولدى. ئۆتكەن يىلى 11 – سېنتەبىر تېررورلۇق ھەرىكىتى قۇربانلىرىنىڭ 600 ئۇرۇق – تۇغقىنىنىڭ كوللېكتىۋلىق ئەرزىسىدە چىقىمنى تولىتىش سۈپىتىدە 1 ترىللىون دوللار تۆلەشنى تەلەپ قىلماقتا. ئېكسپېرتلار ئۆزلىرىگە قارشى جازا چارىلىرىنىڭ كۆرۈلىشىدىن تەشۋىشلەنگەن باشقا ئىنۋېستورلارمۇ ئەل – رايھى بانكىسىدىن ئۆلگە ئالىدۇ دەپ پەرەز قىلماقتا. ئا ق ش تا ئۇمۇمەن 750 مىللىارد دوللار مەبلەغنى ساقلاۋاتقان كۆپلىگەن سەئۇدىيەلىكلەر ئامېرىكا بانكىلىرىدا ئۇلارنىڭ سچېتلىرىغا ياساق سېلىنغىچە كۈتۈپ تۇرمىسا كېرەك. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا سەئۇدىيە مەتبۇئاتىدا ئامېرىكا بانكىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان پۇللىرىنى دەرھال ۋەتەنگە قايتۇرۇشقا ۋەتەنداشلىرىنى چاقىرىۋاتقان ماقالىلار كۆپىيىپ كەتتى.

سەئۇدىيە مەتبۇئاتى خەلق ئارا تېررورىستلارنى مالىيە بىلەن تەمىنلەش توغرىلىق ئىش بويىچە جاۋاپكەرلەر تىزىمىدا كورول ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى، شۇ جۈملىدىن دۆلەتتىكى ئۈچىنچى ئادەم – مۇداپىە مىنىستىرى شاھزادە سۇلتان بىن ئابدۇل ئەل – سائۇدنىڭ ئىسمى ئاتالغاندىن كېيىن ئا ق ش قا ناھايىتى شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى.

ئۇساما بىن لادېن ۋە سامولېيوتلارنى ئوغۇرلىغۇچىلارنىڭ 19 زىنىڭ 15 شى سەئۇدىيە ئەرەبىستانلىق بولغانلىقى ئامېرىكىلىقلارغا مۇنداق قىلىشقا ھوقۇق بەرمەيدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ ئەر – رىيادتا. سەئۇدىيە گېزىتلىرىنىڭ بىرىنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، تېررورلۇق ھەرىكەت قۇربانلىرىنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلىرى ئەڭ ياخشى نىيەتلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا، ئۇلارنىڭ بەرگەن ئەرزىسى «تارىختىكى ئەڭ چوڭ پوپۇزا قىلىش» بولغان.

ئەزەربەيجاننىڭ نۆۋەتتىكى پرېزىدېنتى كىم بولىدۇ؟

ئەزەربەيجاننىڭ پرېزىدېنتى كېيدار ئەلىيېۋنىڭ ئوغلى – ئىلھامنى مىراسخور شاھزادە دەپ ئاتىشىدۇ. چۈنكى ئەزەربەيجاندا خېلىدىن بېرى ھاكىمىيەتنى «مونارخىيەلىك ئۇلگە» بويىچە تاپشۇرۇش ئىمكانىيىتى توغرىلىق ئۈزۈلدىن بۇيان سۆز بولۇۋاتىدۇ ۋە سايلىغۇچىلارنى بۇنىڭغا تەييارلاپمۇ ئۈلگىرىشتى. ئىلھام ئەزەربەيجان سىياسىتىنىڭ چوڭ سەھنىسىدە تېخى يېقىندا پەيدا بولدى. ھە دېگەندە ئىلھام ئەزەربەيجاننىڭ نېفت شىركىتىنىڭ بىرىنچى ۋىتسې پرېزىدېنتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلھام ھۆكۈمران «يېڭى ئەزەربەيجان» پارتىيەسىدىن پارلامېنتقا دېپۇتات بولۇپ سايلاندى ۋە بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن پارلامېنت رەئىسىنىڭ مۇئاۋىنى بولدى.

ھازىر ئېكسپېرتلار كېيدار ئەلىيېۋ ئوغلى ئىلھامغا ھاكىمىيەتنى قانداق تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا باغلىق بىر نەچچە تەخمىننى قىلماقتا. ئەڭ كۆپ تارقالغان ۋە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى مۇنداق: پارلامېنت ئىلھامنى رەئىس قىلىپ سايلايدۇ (مۇنداق قىلىش تەس ئەمەس، چۈنكى ئەڭ كۆپ ماندات «يېڭى ئەزەربەيجان» پارتىيەسى ئىگە. كونستىتۇتسىيەگە مۇۋاپىق پارلامېنت رەئىسى – دۆلەتتىكى ئىككىنچى شەخس، پرېزىدېنت ۋاپات بولغان ياكى ئىستىپاغا چىققان تەغدىردە ئۇنىڭ ۋاكالەتلىرى پارلامېنت رەئىسىگە ئۆتىدۇ. توغرا، بىر قېتىم ئىلھام پارلامېنت رەئىسى بولۇشقا ئازلا قالدى، لېكىن ئويۇقسىز مۇنداق جاۋاپكەرلىك لاۋازىمىدىن ۋاز كەچتى. ئۇ چاغدا ئوپپوزىتسىيە ئىلھام ۋەزىيەتنى باشقۇرالمىدى، – دەپ تەكىتلىدى، ئۇ دادىسىنىڭ ستىلىغا تەخلىت قىلغان ھالدا مەملىكەت بويىچە سەپەرگە چىقتى، خەلق ئالدىدا سۆزلىدى. لېكىن ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى يېتىشمەيتتى، ئۇ خۇسۇسىيەتلەر ئۆز ۋاقتىدا كېيدارغا زاكاۋكازىيە رېگىونىدا ئەڭ تەسىرلىك سىياسەتچىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىشقا ياردەم قىلغان ئىدى.

ئەزەربەيجاندا پرېزىدېنت سايلىمى يېقىنلىشىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا ئوپپوزىتسىيە ئاكتىپلاشتى، كېيدار ئەلىيېۋ بولسا نۆۋەتتىكى مۇددەتكە ئۆز نامزىتىنى قويۇش نىيىتى توغرىلىق بىلدۈرگىنى تەساددىپىي ئەمەس. ئۇ ھاكىمىيەتنى ئۆز ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ۋاختى يەتمەيدىغانلىقىغا تەشۋىشلەنمەكتە.

مەرھەمەت خالىس ئىختىسادىي ياردەم قولىنى
سۇنغۇچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО "Висал"
РНН600400099802
МФО 190501719,
код 719 АГФ ОАО Банк "Центр Кредит"

مۇھىم ئىقىم مەسىلىلىرى

روسسىيەنىڭ يېڭى شېرىكلىرى

ئا ق ش ئىراقتا ھەربىي زەربە بېرىشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقى توغرىلىق يېڭى بىلدۈرۈشلەرنى قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا روسسىيە سەددام ھۆسەيىن ھۆكۈمىتى بىلەن چوڭ كېلىشىم تۈزۈشكە تەييارلانماقتا. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توغرىلىق روسسىيە – ئىراق كېلىشىمى پات ئارىدا ئىمزالىنىشى مۇمكىن. ھەر خىل مەنبەلەرنىڭ باھا بېرىشىچە، بۇ شەرتنامىنىڭ نەرقى 40 مىللىيارد دوللاردىن 60 مىللىيارد دوللار مىقداردا باھالانماقتا.

بى بى سى.

بۇ مۇستەقىللىقنى نامايىش قىلىشمۇ؟

كرېملىنىڭ بۇ غەلىتە ئويۇنى ئا ق ش ناق سارايى تەھلىلچىلىرىنى بىيارام قىلماي قالمايدۇ – مۇنداق چوڭ لايىھىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىراقتا ئۇزۇن ساندىكى ھەر دەرىجىلىك روسسىيەلىك مۇتەخەسسىسلەرنى جەلپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بولسا سەددام ھۆسەيىنگە قارشى ئۇرۇش قوزغاشنى پىلانلىغان ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئوپېراتسىيەسىنى توختىتىپ قويۇشنى چوقۇم قىيىنلاشتۇرىدۇ. [illegible] ئامېرىكىغا قارشى كامپانىيىنى يۈرۈشتۈرۈشكە [illegible] لېكىن بەزىبىر روسسىيە بۇ ئىشتا چوڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلماقتا.

خانابادنى باشقىدىن سالىدۇ

ئا ق ش ئۆزبېكىستاندىكى خاناباد ھەربىي – ھاۋا بازىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن 5 مىللىون دوللاردىن ئوشۇق مەبلەغ سەرىپ قىلىشنى نىيەت قىلماقتا. [illegible] ئا ق ش نىڭ ئۆزبېكىستاندىكى ھەربىي [illegible] تەۋەسىدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ھەربىي بازىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بەزى بىر ئېكسپېرتلارنىڭ پىكرىچە، خانابادنى زامانىۋىلاشتۇرۇش توغرىلىق قارار ئا ق ش نىڭ بۇ رېگىوندا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن گۇۋاھ بېرىدۇ.

قىرغىزستاننىڭ قەرزى

[illegible]

ھۆكۈمەتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى

يېقىندا ئاستانادا ھۆكۈمەتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىندا دۆلەت رەھبىرى نۇرسۇلتان نازارباييېۋ سوزگە چىقىپ مەملىكەتتىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالغا ئەتراپلىق باھا بەردى. دۆلەت رەھبىرى ھۆكۈمەتكە 2003 – يىلدىن باشلاپ پېنسىيەلەر كۆلەمىنى ئون ئىككى پائىز كۆپەيتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. بۇ ئەلۋەتتە بىرلىرى ئۈچۈن ئازدەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. لېكىن ھەر بىر تەڭگىنى ھېساپلاپ خەشلەشكە مەجبۇر بولىۋاتقانلارغا بۇ ئازلىق قىلمايدۇ.

يەنە بىر ياخشىلىق، پرېزىدېنتنىڭ تاپشۇرۇغىغا بىنائەن يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە ھۆكۈمەت س س س ر ئامانەت بانكىنىڭ قەرزلىرىنى قازاقستان ئاھالىسىغا تولۇق تولەپ بېرىشى كېرەك. بۇ بىزنىڭ ھەممىمىز ئۆز ۋاقتىدا بانكىغا قويغان ۋە قايتۇرۇلۇشىدىن تامامەن ئۈمۈت ئۈزگەن پۇل بولۇپ، ئۇ 90 مىللىون دوللارغا يېقىن مەبلەغنى تەشكىل قىلىدۇ.

پېداگوگلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاۋغۇست كېڭەشمىسى

قازاقستاندا ھەر يىلى 21 – ئاۋغۇستتا پېداگوگلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاۋغۇست كېڭەشمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە، پېداگوگلار يېڭى ئوقۇش يىلىنىڭ پىلانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، تەجرىبە ئالماشتۇرىدۇ. بۇ يىل پېداگوگىكا كېڭەشلىرىنىڭ پروگراممىسىدا قىسمەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىلگەركىدەك، مىنىستىرلىكتە كونفېرېنسىيە بولمىدى. رېگىونلاردا كېڭەشمىلەرنى ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. جۇمھۇرىيەت بىلىم ۋە پەن مىنىستىرلىكىنىڭ مەتبۇئات خىزمىتىدە خەۋەر قىلىنىشىغا قارىغاندا، بۇ قېتىم بارلىق ۋىلايەتلەردە پېداگوگىلىق كېڭەشلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ دۆلەت مەبلىغىنى ئىختىسات قىلىش ۋە پېداگوگىكىلىق كېڭەشلەرنىڭ نەتىجىدارلىقىنى ئاشۇرۇش مەخسىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئىسلامدىن تەلىم

«قۇرئان كەرىم» كالاملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدىكى ئورنى

س س س ر ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىپ، كوممۇنىستىك غايىلەر خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆۋۈكتەك غايىپ بولۇشقا باشلىغاندا، بۇ بوشلۇقنى بەزىلەر ھەر خىل دىنىي تەرغىبات بىلەن تولدۇرۇشقا ئالدىرىدى. چەت ئەللەردىن ھەر خىل مەزھەپلەردىكى دىن تارقاتقۇچىلار كېلىپ، ئىختىسادىي بوھرانچىلىقتىن بېشى قاتقان بەزى كىشىلەرنى ئەينە شۇ دىن تارقاتقۇچىلار ئوگايلا ئوز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان دىنىدىن ۋاز كېچىشكە ئېلىپ كەلدى. ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، بەزى ئائىلىلەردە ئاتا - ئانا بىر دىندا، بالىلىرىنىڭ باشقا بىر دىندا بولۇشى، ئەگەر ئائىلىدە مۇسىبەت بولۇپ قالسا، ئۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئاقىۋەتتە، چوڭ جېدەل - ماجىرالارنىڭ سەۋەبكارى بولغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى.

بىز ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل نادان، چالا موللىلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلماي، بەلكى مۇقەددەس «قۇرئان كەرىمدىن» خەۋىرى بار، دىنىي بىلىمى ئۈستۈن، تەرەققىيپەرۋەر موللىلىرىمىزنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، «قۇرئان كەرىمنىڭ» تەشەببۇسلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا ئۇلارغا رىئايە قىلغىنىمىز دۇرۇس بولسا كېرەك. ئاساسىي قانۇنىمىز - دۆلىتىمىز كونستىتۇتسىيەسىدە پۇقرالارنىڭ ھەر قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى قىلماسلىق ئەركىنلىكى بارلىقى بەلگىلەنگەن. ئائىلىسى ئىچىدە [illegible] ھېچ كىمنى دىنغا زورلاپ ئېتىقاد قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىمدە» مۇنداق دېيىلگەن: «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوق، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇتنى (يەنى ئاللادىن باشقا بارچە مەبۇدنى) ئىنكار قىلىپ، ئاللاغا ئىمان كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ئۈزۈلمەس مەھكەم تۇتقۇنى تۇتقان بولىدۇ. ئاللا (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» . (2 - سۈرە بەقەرە، 256 - ئايەت).

ئادەم، شۈبھىسىز ھەر تەرەپلىمە گۈزەل بولۇشى كېرەك. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم بەزى بىر [illegible] گۈزەل ئەخلاقنى ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇتىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي ئىش - ھەرىكىتى [illegible] ئادىل، توغرا سۆزلۈك، پەزىلەتلىك بولىدۇ. كىشىلەرگە [illegible] ئىشلارغا ۋەدە قىلىپ، كېيىن ئۇنى ئورۇنلىماسلىق، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ۋەدە قىلىپ، يالغانچى ئاتىلىش ئوخشاش كورۇنۇشلەر ئاز ئەمەس. «قۇرئان كەرىمدە» ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، قۇرۇق ۋەدە بەرمەسلىك ھەققىدە: «سىلەر ئەھدە تۈزۈشكىنىڭلاردا، ئاللانىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى (ئاللانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر ئاللانى گۇۋاچى قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللا قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ». (16 - سۈرە نەھل، 91 - ئايەت).

«... ۋەدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان - قىلمىغانلىقى ئۈستىدە) ئەلۋەتتە، سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر» (17 - سۈرە بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)، 34 - ئايەت).

ھەر قانداق بىر ئىشنى ئوز ۋاقتىدا بىجىرمەسلىك، ئۇنى كېچىكتۈرۈپ، باشقىلارغا زەرەر يەتكۈزۈشمۇ ۋاپاسىزلىق، ۋەدىدە تۇرماسلىقتۇر.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، مېيلى بىۋاستە ھەر بىرىمىزنىڭ كىشىلىك ئىشىمىزدا بولسۇن، جەمىيەت ھاياتىدا كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە مۇئامىلىسىدە بولسۇن، سەمىمىي بولغان ھالدا، بىر - بىرىگە ئىشىنىش - كۈرەلگەن ئاساسىي مەقسەتنىڭ كاپالىتى بولىدۇ. ئەندى قۇرۇق ۋەدە بېرىپ، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەش، قىلغان ۋەدىسىدىن ۋاز كېچىش قەبىھ قىلمىشلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلغانلارغا «قۇرئان كەرىمدە» ناھايىتى ئۇلۇغ باھا بېرىلگەن: «مۆمىنلەر ئىچىدە (رەسۇلۇللا بىلەن غازاتتا جەڭ قىلىش، شېھىت بولغانغىچە جەڭدە دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرىلىق) ئاللاغا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئەرلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (ئاللاغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق. ئاللا راستچىللارغا راستچىللىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى) مۇكاپات بېرىدۇ. مۇناپىقلارنى (ئەھدىنى بۇزغۇچى مۇناپىقلارنى مۇناپىق پېتى بۇ دۇنيادىن كەتكۈزۈپ) خالىسا، ئازابلايدۇ، يە ئۇلارنى توۋۋا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

ئاللا ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىۋاندۇر» . 33 - سۈرە ئەھزاب، 23 - 24 - ئايەتلەر).

ھە، «قۇرئان كەرىمدىكى» بۇ ئايەتلەردىن بىز بەرگەن ۋەدىسىگە چىن دىلى بىلەن ۋاپا قىلىش، ۋەدىدە سەممىي بولۇش ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ گۈزەل ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كورۈۋېلىشىمىز تەس ئەمەس.

ھەر قانداق ئىشلاردا توغرا، ئادىل بولۇش، ئوچۇق سوزلەش، يەنى ھەر قانداق ئىشلارغا توغرا، ئادىل گۇۋاھلىق بېرىش، بۇ گۈزەل ئەخلاق. بەزىدە «باشقىلارنى رەنجىتىپ قويىمەنمىكىن»، دېگەن باھانە - سەۋەپ بىلەن ئوچۇق سوزلەشتىن چېكىنىش ياكى ناتوغرا گۇۋاھلىق بېرىشكە ئۇرۇنۇش، بۇ ئادەملەردىكى بىر ناچىزلىق، ساختىپەز كورۈنۈشتۇر. ھازىرقى ئىختىسادىي بوھرانچىلىق [illegible] كەچۈرۈۋاتقان بۇ ۋاقىتتا كوپ نەرسىلەر پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان ناچار ئىللەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى، بىر سېكتورلاردا «پۇللى بايلارنىڭ گېپى توك، پۇلى يوقنىڭ گېپى يوق»، دېگەن سوزلەرمۇ ئوز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىدى. «قۇرئان كەرىمدە» بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەي مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئوزەڭلارنىڭ يا [illegible] ساقلار (يەنى گۇۋالىقتىكى فاكتىنى بۇرمىلىماسلىقلار) ياكى گۇۋالىقتىن باش تارتساڭلار، مۇندىقتا ئاللا ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر» (4 - سۈرە نىسا، 135 - ئايەت).

ھەر قانداق ئىشتا سالماقلىق، ئوتتۇرا ھال مۇئامىلىدە بولۇپ، يەنى چوڭ - كىچىك ئىشلاردا ئوزىنى ۋەزمىن تۇتقان ھالدا سالماقلىق پىكىر قىلىشمۇ گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ بىر بەلگىسىدۇر. «قۇرئان كەرىمنىڭ» كوپلىگەن ئايەتلىرىدە ھەر قانداق ئىشتا [illegible] سالماقلىق بولۇش، قارىمۇ - قارشى تۇيغۇلارغا كېتىپ قالماسلىق ۋە مۇنداق ئىشلارنى [illegible] بىلەن مۇۋاپىق ئىش تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى [illegible] كى ئاتا - ئانىلارنىڭ، ياكى تۇققانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋالىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋالىق بەرگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋا بولۇڭلار، ئاللا سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپىيتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى - خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغىكى قىممەت قىلىنغان، ھەر خىل سوروقلاردا، توي - توركۈنلەر ۋە ھاكازىلاردا مەدەپ - ھاپىس [illegible] قىلىش، ئىسراپچىلىق يول قويۇش ئوخشاش سەلبىي ھادىسىلەر ھەققىدە «قۇرئان كەرىمدە» مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلار (يەنى ئاللا ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ» (25 - سۈرە فۇرقان، 67 - ئايەت).

ئادەم غەزەبلىنىشتىمۇ ئوتتۇرا ھال، يەنى كوپ يېمەسلىكى كېرەكلىكىنى ھازىرقى تېبابەتمۇ تولۇق دەلىللىدى، كوپ تەكىتلەيدۇ. دانا خەلقىمىز: «كوپ يېيىش ئاچ قالغاندىن يامان». دەيدۇ. سوز - ئاز ئىچلەسە، پايدا قىلۇر. ئازغا قانائەت قىلمىغان، كوپكە يېتەلمەس» ، دەپ، ئاز - ئازدىن [illegible] ئۇندەيدۇ. ئەنە يېيىلىدىغان غىزالار تازا ۋە ساپ بولۇشى كېرەك. مەلۇم، «قۇرئان كەرىمدە» تولۇپ قالغان ماللارنىڭ گوشى، قان، چوشقا گوشى ۋە ھاراق ئوخشاش نەرسىلەر ھارام قىلىنغان. «قۇرئان كەرىمدە» مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەي مۆمىنلەر! ئاللا سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئوزۈڭلارغا) ھارام قىلماڭلار، (ئاللا بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللا چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» (5 - سۈرە مائىدە، 87 - ئايەت). [illegible] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنى تاختا قىلىش ئۈچۈن گۆش يېمەسلىك، ئاياللارغا يېقىن يولىماسلىق قىلىپ يۈرگەنلىكتىن، بۇ ئايەت ئەنە شۇ ئىشلارغا قارىتا ئېيتىلغان). «قۇرئان كەرىمدە» يەنە شۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەكىتلىنىدۇ: «ئاللا سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقان ئاللادىن تەقۋادارلىق قىلىڭلار» (مائىدە سۈرىسى، 88 - ئايەت).

بىز بۇ قىسقىچە، ماقالىمىزدا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىمنىڭ» ئايرىم سۈرە - ئايەتلىرىدىن مىسال كەلتۈردۇق، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھاياتىمىزغا قانچىلىك ماس كېلىدىغانلىقىنى كورۇۋېلىش تەس ئەمەس.

يادىكار سابىتى.

ئۈرۈمچىدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتى.

دانالار ئىنسان، ئىنسانىي پەزىلەت توغرىسىدا

* ئىنسان ياخشىلىقنىڭ بەندىسىدۇر.

* ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېمىگەن كىشىلەرنى ئادەم دەپ ھېسابلىما.

* ئۆزەڭگە لايىق كورمىگەننى خەلقىمۇ راۋا كورمە.

ئەلىشىر ناۋائىي.

* ھەي، ئېسىل كىشى، كىشىلىكنى تاشلىما، كىشىگە دايىم كىشىلىك قىلىپ تۇر، ساڭا كىمنىڭ بىر ئاز ئەمگىكى سىڭگەن بولسا، كېيىن سەن بۇنىڭغا كوپرەك جاۋاپ قايتۇر.

كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلمىگەن كىشى بەئەينى كالىغا ئوخشايدۇ، كالا ئاتىلىپ قالما، كىشىلىك قىل، ئادەمگە كىشىلىك قىلىش بىلەن ئادەم بولغىن.

كىشىلىك قىلغانلىقىنىڭ ئۈچۈن ئادەمگە «كىشى» دېگەن نام بېرىلگەن، كىشىلەر كىشىلىك بىلەن تامنى يۈكسەلدۈرگەن.

* كىشى پەزىلىتى بىلەن قول ئۇزارتسا، ئېگىز تاغنى باش ئەگدۈرۈپ، يەرگە ئىنگىشتۈرىدۇ.

* ئىنسان توغرا بولسا، كۈنى ياخشى ئوتىدۇ، كۈنى ياخشى ئوتسە، بەخت دولىتىمۇ مەڭگۈ بولىدۇ.

* كىشىلەردىن يامانلىما، ئۇششاق سوزلىمە، توغرا سوزلىگىن، بار سوزنى يوشۇرما.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

* ئىنساننىڭ كوڭلىگە شاتلىق يەتكۈزمەك سوۋاپ ۋە ئىبادەت قىلماق بىلەن باراۋەردۇر.

موللا مۇھەممەد تومۇر قەشقەرىي.

* سەن ئەلنى ئۇلۇغلىساڭ، ئەلمۇ سېنى ئۇلۇغلايدۇ. ئادەمنىڭ ھورمىتى ئۇنىڭ قانچىلىك پۇل تاپقانلىقىدا ئەمەس، بەلكى تاپقان پۇلنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا قانچىلىك ئىشلەتكەنلىكىدە.

ئاتىلار دانالىقىدىن.

ھازىرقى ھايات كورۇنۇشلىرى

چاپسان باي بولۇش «يوللىرى»

ھازىر ئادەملەرنى ئالداپ، ئەجايىپ - غارايىپ ۋەدىلەرنى بېرىپ، چاپانلا «مىللىونېر» قىلىۋېتىدىغان ھەر خىل «فىرمىلار»، «بانكىلار»، «تۇرىستىك فىرمىلار»، ھەر قانداق ئاغرىقلارغا شىپا بولىدىغان «مۆجىزىلىك دورىلارنى» سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «سودا فىرمىلىرى» ۋە ھاكازىلار ناھايىتى كوپىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىق سوزلىرىگە، چاپسان باي بولۇش ھەققىدىكى ۋەدىلىرىگە ئالدىنىپ ۋۇرگەنلەر ئاز ئەمەس.

يېقىندا جۇمھۇرىيەتتىكى ئەڭ ئاممىباپ مۇستەقىل گېزىتلەرنىڭ بىرىدە بېرىلگەن بىر ئېلانغا كوزۇم چۈشتى. ئۇنىڭدا: «ھەر خىل ياشتىكىلەر ئۈچۈن ئەرمەك ئورنىدىكى ئىشنى تەكلىپ قىلىمىز. ئىشقا بارمەن دەپ ئاۋتوبۇسلاردا ئاۋارە بولمايسىز. ئويىڭىزدە فىرمىنىڭ خەت - چەكلىرى ئۈستىدە ئىشلەيسىز. مائاش ئېيىغا 20000 مىڭ تەڭگىدىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ژۇقۇرى بولىدۇ. خالىغۇچىلار مونۇ ئادرېسقا ئاتكىتىنى تولتۇرۇپ بىزگە يوللاڭلار...»، دېيىلگەن ئىدى. مەن بۇ غەلىتى، يەنە كېلىپ ئويدىلا ئولتۇرۇپ ئورۇغۇن ئاخچا تاپىدىغان مۇنداق ئىشنى ۋەدە قىلغان ئېلانغا قىزىقىپ قالدىمە، بۇ تەكلىپ قىلىنغان بىلانكىنى تولتۇرۇپ پوچتىدىن ئەۋەتتىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېلىقى «فىرمىدىن» جاۋاپ خەت كەلدى. ئۇنىڭدا «ھورمەتلىك سابىتوۋ! سىزنىڭ بىزدە ھەقىقەتەنمۇ ئىشلەش نىيىتىڭىز بولسا، ھە دېگەندە ھەر خىل رەسمىيەتلەرنى ئوتەش ئۈچۈن بەش يۈز تەڭگە ئەۋەتىشىڭىز كېرەك. بىزنىڭ فىرما دولەت تەرىپىدىن روبخەتتىن ئوتكەن بولۇپ، ھازىر جۇمھۇرىيەتنىڭ كوپلىگەن جايلىرىدا ئۇتۇقلۇق پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. بىزنىڭ فىرما تامامەن قانۇنىي ئاساستا ئىشلەيدۇ. بىز سىزنىڭ چاپسان بېيىپ كېتىشىڭىزگە تىلەكداش. ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ يېقىنلىرىدىن 4 - 5 ئادەمنى بۇ ئىشقا جەلىپ قىلسىڭىز مائاشىڭىز تېخىمۇ ژۇقۇرى بولىدۇ...» - دېيىلگەن. ئېمىشكىدۇ گېزىتتە بېرىلگەن ئېلاندىمۇ، ماڭا كەلگەن جاۋاپ خەت كونۋېرتىدىمۇ كىشىلەرنى «چاپسان باي قىلىۋېتىشنى» ۋەدە قىلغان «فىرمىنىڭ» ئېنىق ماكان - جايى يېزىلماي، بەلكى پوچتا ياشىكىنىڭ نومېرىلا كورسىتىلگەن. بۇ «فىرمىنىڭ» ئوز ئورنىنى ئېنىق كورسەتمىگەنلىكى مەندە گۇمان پەيدا قىلدى.

ئەلۋەتتە ئۇلار ئوزلىرىنىڭ ئېنىق تۇرغان جايىنى يوشۇرۇشى تەبىي، چۈنكى ئۇلار ئالدامچىلاردە. ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن ھەر بىر ئادەمدىن 500 تەڭگىدىن ژىغىدۇدە بىرەر ئايدىن كېيىن «فىرما» غايىپ بولىدۇ.

* * *

بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا 28 - گۋاردىيەچى پانفىلوۋچىلار ئىستىراھەت بېغىدا بىر بۇرادىرىم بىلەن سەيلە قىلىپ ژۈرسەك ياخشى كىيىنگەن ئىككى ئايال بىز بىلەن سالاملىشىپ: ئەگەر كوپ پۇل تېپىشنى خالىساڭلار مانا مونۇ تېلېفونغا خەۋەر قىلىڭلار دەپ بىر ئېلان قەغىزىنى بەردى. ئۇنىڭدا «فىرمىنىڭ» ئېنىق ئادرېسى ۋە تېلېفونى كورسىتىلگەن. ھېلىقى ئىككى ئايال ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئوزلىرى تەكلىپ قىلىۋاتقان ئىش توغرىلىق سايرىشىپ كەتتى. «بىزنىڭ فىرما كوپلىگەن ئاغرىقلارغا شىپالىق بېرىدىغان تىبەت شامانلىرىنىڭ رېتسېپتلىرى ئاساسىدا تەييارلانغان ئەجايىپ شىپالىق دورىلارنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئايلىق مائاشىڭلار دەسلەپتە 800 ئا ق ش دوللىرىنى تەشكىل قىلىدۇ... ۋە ھاكازىلار... ئالدىمىزدىكى جۈمە كۈنى بىزدە ژىغىن بولىدۇ، خالىساڭلار كېلىڭلار، بارلىق تەپسىلاتلارنى شۇ يەردە ئاڭلايسىلەر...

ھېلىقى بۇرادىرىم ئۇلارنىڭ بۇ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپلا قالدى. مەن بۇ ئىشنىڭ ساختا، ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتسام ئىشەنگۇسى كەلمىدى.

ئەندى بۇرادىرىمنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاڭ. ئۇ «فىرمىنىڭ» ژىغىنىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردىمۇ بىزگە ئېيتىلغان سوزلەر تەكرارلىنىپ، «مىللىونېر» بولاي دەپ قالغان ئىككى - ئۈچ كىشى ئوزلىرىنىڭ ئىش تەجرىبىلىرى بىلەن ئورتاقلىشىپتۇ. ئاخىرىدا ژىغىننى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار فىرمىغا ئىشقا كىرگۈچى ھەر بىر ئادەم 50 دوللار مىقدارىدا ئەزالىق بەدەلى تولىشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. چىرايلىق سوزلەرگە ئالدانغانلار چاپسان بېيىش ئارزۇسىدا شۇ يەردىلا 50 دوللاردىن بېرىپتۇ. بۇرادىرىممۇ شۇ ئالدام خالتىغا چۈشكەن ئىكەن. مانا ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتتى، ھېلىقى «فىرما» غايىپ بولۇپتىدەك...

ھە، ھورمەتلىك گېزىتخان، موجىزىلەر پەقەت چۈشىڭىزدىلا بولسا كېرەك. ئەندى ھېلىقى بۇرادىرىم بولسا تېخىچىلا ھېلىقى «فىرمىنى» ئىزدەپ ئاۋارە...

يادىكار سابىتى.

مەشھۇر ئالىم ۋە ئۇستاز

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئاتاقلىق تەتقىقاتچىسى، ياش ئەۋلادنىڭ ئۇستازى، تونۇلغان يازغۇچى، پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەر (1932 – 2002) بۇ يىل ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا پانىي ئالەم بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى. ئالىمنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر پەنى ۋە مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئورنى تولمايدىغان يوقىتىش بولدى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى، مەزمۇنلۇق دەرسلىكلىرى، بەدىي ئەسەرلىرى سۆيۈملۈك خەلقىنىڭ مەنىۋى غەزنىسىدە زور بايلىق، سالماقلىق پەننىي ئۆلۈش بولۇپ قالدى.

شېرىپىدىن ئۆمەر ئۆزىنىڭ جاپاكەش، لېكىن مەغرۇر، مەردانە خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن مىسلىسىز كۈلپەتلەرنىڭ، يالا – تۆھمەتلەرنىڭ، زورلۇق – زوراۋانلىقلارنىڭ گۇۋاچىسى بولدى. ش. ئۆمەر 1957 – يىلىدىن تا 1970 – يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى»، «ئوڭچىلارغا قارشى»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئوخشاش ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ زەربىلىرىگە ئۇچرىدى، ئەينە شۇنداق ئېغىر يىللاردا خەلق بىلەن بىللە بولدى. پەقەت 1980 – يىلىدىن كېيىن ۋەزىيەت ئازىراق يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، مىللىي مەسىلىدە سەل كەڭچىلىكلەر بېرىلگەندە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئالىملار پۇرسەتتىن غەنىمەت بىلىپ، مەزكۇر شارائىتتىن ئىمكان قەدەر كەڭ پايدىلىنىشقا بارلىق كۈچ – قۇۋۋىتىنى سەپەرۋەر قىلدى. ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا مەھمۇت قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار لۇغىتى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئوخشاش ئالەمگە مەشھۇر ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى نەشر قىلىنىپ، تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجداتلىرى «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇرلار»، قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ئوخشاش ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن بىر قاتاردا خەلقىمىزنىڭ شانلىق تارىخىنى تەسۋىرلەيدىغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىدەك كۆپلىگەن بەدىي ئەسەرلەر ۋۇجۇتقا كەلدى.

بۇ يىللىرى ش. ئۆمەرمۇ مىللىي تەۋرىنىشتىن ئىلھاملىنىپ، ئىزدىنىش ۋە ئىجادىي ئورلەش مۇھىتىدا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار» (1982)، «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» (1988) ناملىق ئىككى تومluq مونوگرافىيەسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا قەدىمقى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى قەھرىمانلىق داستانلىرى «چىستانى ئىلىكبەگ»، «ئوغۇزنامە» توغرىلىق چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. كىتاپتىكى تەتقىقاتلار قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بۈيۈك ئەدىپلەر ئەبۇ ناسىر فارابىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرىيلەرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى كەڭ تەھلىل قىلىندى. بۇ كىتاپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنى ئۆگىنىشتە دەسلەپكى سالماقلىق تەتقىقات سۈپىتىدە تونۇلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» ناملىق ئىككىنچى كىتاۋى نەشردىن چىقتى. بۇنىڭ 12 – 15 – ئەسىرلەردىكى ئەدەبىيات تارىخى، يەنى ئەخمەت يۈكنەكىدىن باشلىنىپ ئەلشىر ناۋائىي بىلەن ئاياقلىشىدۇ. بۇلاردىن كېيىن ئىستېداتلىق ئالىمنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» (2 جىلد)، «15 – ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3 جىلد) ناملىق سالماقلىق ۋە كۆلەملىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى نەشر قىلىندى.

ش. ئۆمەر ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىغا 4 جىلدلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى بويىچە دەرسلىكلەرنىڭ 3 كىتاۋىدا ئاساسىي مۇئەللىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ پائال قاتناشقان. تەتقىقاتچى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ باشقا ساھالىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك قابىلىيىتىنى نامايەن قىلدى. ئۇ تومۇر داۋامەت باشقۇرۇۋاتقان «ش ئۇ ئار 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ ۋە «ش ئۇ ئار ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ» مەيئەت ئەزاسى سۈپىتىدە ئۇلارغان ئەمگەك قىلغان. «ئۇيغۇر ئوبن ئىككى مۇقامى» (1994، 1997) ئىككى قېتىم مەتن ۋە تولۇقى بىلەن نەشر قىلىندى. 1997 – يىلى 12 مۇقامنىڭ تۈزىتىلگەن ۋە تولۇقلانغان نەشرىنى چىقىرىشتا تەتقىقاتچىلار مىجىت ناسىر، م. يۇسۇپ، ئى. تۇرسۇن، م. باۋدۇن، پروفېسسورلار ش. ئۆمەر، ئا. رەجەپ، خ. تومۇر، كومپوزىتور ئۆمەن ئۆگۈش ئاتاقلىق مۇقامچى ئا. شاكىر ۋە باشقىلار قاتناشتى.

مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناس ئالىم شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ قالدۇرغان ئىلمىي – ئەدەبىي مىراسى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ئورنىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى بولسا، بەدىي سوز سەنئىتىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن كوپ ئەسىرلىك مۇسابىلىرىنى جىددىي ئۆگىنىشتە بىباھا مەنبە ۋە ماتېرىيال رولىنى ئاتقۇرۇشى چوقۇم. ئىستېداتلىق ئالىمنىڭ يارقىن ئوبرازى ئەبلىمىزدە ئەبەدىي ساقلىنىدۇ.

ساۋۇت موللاۋۇتوۋ.



سۈرەتتە: ئولتارغانلار (سولدىن ئوڭغا) ش ئۇ ئار خەلق ھوكۇمىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ، ساۋۇت موللاۋۇتوۋ، ئۆرە تۇرغانلار «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ» باش مۇھەررىرى پەيزۇللام ۋە شېرىپىدىن ئۆمەر. 1995 – يىل. ئۈرۈمچى.

قەدىمقى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە دىن ۋە ئەدەبىيات – سەنئەت

شېرىپىدىن ئۆمەر

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلە بۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ ياشىغان جۇغراپىيە ئورنىغا قاراپ شەرقىي ئۇيغۇرلىرى ۋە غەربىي ئۇيغۇرلىرى دەپ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنەتتى. شەرقىي ئۇيغۇرلىرى بولسا، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىي يەنى ھازىرقى تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەدە ياشاتتى. غەربىي ئۇيغۇرلىرى بولسا، ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا، كۆكخۇاڭ ۋە چىلەنشەن تاغلىرى، گەنسۇ ئەتراپىدا ياشاتتى.

ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا دىنىي ئېتىقات جەھەتتە ئۆز بېشىدىن خېلىلا مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن خەلق. ئۇلار ئۆز تارىخىدا توتېمىزم، سېپتىرىزم، شامانىزم، زەردۇشتىزم، بۇددىزم، مانىخېزم، قىسمەن خرىستىيان ۋە ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان.

تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسى نەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي تەرەپلىرى بار. جەمئىيەتنىڭ ماددىي ھاياتى ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپ چىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋەھدىتىدىن يەنى ماددىي نېمەتلەر ئىشلەپ چىقىرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

ئىشلەپ چىقىرىش ئۇسۇلى جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى ياكى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتى سىياسەت، قانۇن، پەلسەپە، ئەخلاق، ئەدەبىيات – سەنئەت، دىن قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت. شۇڭا ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت قانداق بولسا، كىشىلەرنىڭ ئېڭىمۇ شۇنداق بولىدۇ. دىنمۇ ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇمۇ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«دىن ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەتراپلىرىدا بولغان تەبىئەت توغرىسىدىكى ئەڭ نادان، ئەڭ ساددا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىدىن كېلىپ چىقتى» (ماركس)، «ھەر قانداق دىن باشقا نەرسە ئەمەس، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدىغان تاشقى كۈچلەرنىڭ شۇ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەر كۈچلىرى، يەرگەخاس بولغان كۈچلەر شەكلىنى ئالىدۇ» (ئېنگېلس).

دېمەك، بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ماركسىزمغىچە بولغان ماتېرىيالىستلارنىڭ دېگىنىدەك دىن ئاممىنىڭ قالاقلىقىدىن پايدىلىنىپ راھىپلارنىڭ ئالدامچىلىقى بىلەن ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىسى ئەمەس، بەلكى ماددىي بارلىقنىڭ ئۆزىگە خاس ئىنكاسى.

كىشىلەرنىڭ دىنىي قاراشلىرى ۋە دىنىي تۈزۈملەر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇردى.

ئەڭ دەسلەپكى دىنلارنىڭ بىرسى بولغان توتېمىزم ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى بولسا، قەبىلە تەكرىسى ئۇرۇقلارنىڭ قەبىلە بولۇپ بىرلەشكەن تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

قۇلدارلىق تۈزۈمى ۋۇجۇتقا كەلگەندە ئەڭ ئالىي تەڭرى بارلىققا كېلىپ، باشقا قەبىلە تەڭرىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇندى.

پادىشالىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمىدىكى چوڭ دۆلەتلەر مەيدانغا كېلىشى نەتىجىسىدە يېگانە ۋە ھەممىگە قادىر تەڭرى بارلىققا كەلدى. ئەندى بۇ چاغدىكى خۇدالار بۇرۇنقىدەك خەلق تۇرمۇشىغا، خەلققە يېقىن كونكرېت ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئابستراكتلاشقان بولۇپ، بۇمۇ ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇزاق جەريانىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن مۇرەككەپلەشكەن مەھسۇلى ئىدى.

پادىشا مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە ماسلىشىپ، كوپ خۇدالىق دىنلارنىڭ ئورنىغا بىر خۇدالىق دىنلار – بۇددا، خرىستىيان، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ دۇنياۋى دىن ئەينە شۇنداق شارائىتتا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ خۇدالىرىمۇ ۋۇقۇرقى تۈسكە كىردى...

ماركسچە ئىنكاس نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دىن ئەڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئاڭنىڭ ماددىي بارلىق بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولغان ھىسسىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خۇسۇسىيىتى بولغان ئوبرازلاردىن ئايرىلمىدى. نەتىجىدە سەنئەت بىلەن كىرەلىشىپ، ئۆز مەزمۇنىنى سەنئەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىدى.

دەسلەپكى دىنلارنىڭ ھەممىسىلا ئەمەس، بەلكى كېيىنرەك مۇكەممەللىشىپ دۇنيا دىنلىرىغا ئايلانغان شامانىزم، زاردۇشتىزم ھەتتا بۇددىزمىمۇ، «كوك ئاسمان»، «قۇياش» ۋە «ئوت»نى ئىلاھى تونۇپ ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلىشقان ئىدى.

يۇنانلىقلارنىڭ گۈزەل تەبىي شارائىتى – ئۇنىڭ بۇلۇتسىز كوك ئاسمىنى، ئۇنى ئوراپ ئالغان چەكسىز يېشىل رەڭلەر دېڭىزى ئۇلارنى گۈزەللىككە ئۈندىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنىمۇ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئالىي كىشى قىياپىتىدە تەسۋىرلەشكە، گەۋدىلەندۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇلار مىلادىدىن 7 – 8 يىل ئىلگىرىلا (گومېردىن خېلىلا بۇرۇن) ئۆز ئىلاھلىرىنى گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەشنى بىلەتتى. كىرىتسىيەنى قاپلاپ تۇرغان گۈزەل، زەڭگەر كوك ئاسماننى ئادەم قىياپىتىدىكى «بۈيۈك ئاتا» دېڭىزدا لەھەڭگە مىنىپ، شىددەتلىك دولقۇنلار ئارىسىدا ۋۇرىدىغان زور بىر كىشى قىلىپ تەسۋىرلىسە، قۇياشنى ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچىدىغان بىر ئاقساق تۆمۈرچى قىلىپ تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭ كورۈكنى بولسا، يەر ئاستىدىكى ۋۇلقانلار دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. كېيىن ئۇلار ھەققىدە تۈرلۈك ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر يارىتىلىشقا باشلىدى...

«ياۋايىلىق ۋە ۋارۋارلىقنىڭ تۆۋەنكى باسقۇچى – ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ 5 تىن 4 نى تەشكىل قىلىدۇ. ۋارۋارلىقنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىلا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شەخسىي پەزىلەت، گۈزەل سوز، دىنىي ھىسسىيات، راستچىللىق، قەھرىمان – باتۇرلۇق ئىنساننىڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىق بەلگۈلىرىگە ئايلانغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قاتتىقلىق، قەبىھلىك، مۇتەئەسسىپلىك، خىيانەتكارلىق ۋە خائىنلىقمۇ بىللە پەيدا بولغان ئىدى.

دىنىي ساھەدە بولسا، شېرىيەت كىشىلەرنىڭ خۇدا ۋە ئۇلۇغ روھلار توغرىسىدىكى ھىسسىي – خىياللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، گەۋدىلەندۈرىدىغان ۋاستىسى ھېساپلىناتتى.

ئەڭ دەسلەپكى شېرىيەت ئەينە شۇ دەۋرگە تەئەللۇقتۇر. بۇ دەۋر بىزگە يەنە ئاتىلىلەردىن ئوسۇپ چىققان ئۇرۇغلار، ئۇرۇغلاردىن تەشكىل تاپقان قەبىلە – قەبىلىلەردىن ئۇيۇشقان پىراتىيىلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىمۇ دېرەك بېرىدۇ. بۇ مۇۋەپپىقىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ ئىشلىشى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن تەرەققىياتلار ئەندىلىكتە ئېغىز ئەدەبىياتى بولغان رىۋايەت، ئەپسانىلارنى ياراتقان ئىدى. خەلقىنىڭ بۇ ئىجادىيەتلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ۋۇقۇرقى كوللېكتىۋگە قۇدرەتلىك تەسىرىنى كورسەتمەكتە ئىدى» (ماركس، ئېنگېلس «سەنئەت توغرىسىدا»).

بۇ فاكتقا ئاساسلانغاندا فىلوسوف ھەردەر: دىن شېرىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئەنئەنىسىدۇر، دېيىشكە تامامەن ھەقلىق. بۇ ھالنى بىز ئىران ۋە يۇنانلىقلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىنمۇ ئۇچۇق كورەلەيمىز. مەسىلەن، ئىران ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمقى دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپى – ئادەت، تارىخىنى ئىپادىلەيدىغان، پارس شۈۋسىدە يېزىلغان «ئاۋېستا» ناملىق مۇقەددەس كىتاپ (ئىككى يۈز مىڭ مىسرالىق شېئىرلار توپلىمى) بولۇپ، ئۇ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1400 يىلدىن 3 – ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زاردۇشتىزم دىنىنىڭ بۇ مۇقەددەس كىتاۋى زارۇتوستۇرا پەيغەمبەر، ئىلاھى ئاخۇر ئامازدادىن سوئال سوراش، ئاخۇر ئامازدا ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىش شەكلىدە شېئىر بىلەن يېزىلغان. بۇ بىر قانچە قىسىملارغا بولەنگەن بولۇپ، ئالدىنقى قىسمىدا زاردۇشتىزم دىنىغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنى ياقلىغان ئەپسانىۋى قەھرىمانلار توغرىسىدا يېزىلغان قەسىدىلەر بولسا، كېيىنكى قىسمىدا ئىلاھى ئاخۇر ئامازدانىڭ زارۇ توستۇرانى پەيغەمبەرلىككە ۋەھىي قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. قالغان قىسىملىرىدا بولسا، خىلمۇ – خىل دۇئالار بىلەن ئاغرىق داۋالاش ھەققىدە ۋە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە سوزلىنىدۇ.

بۇ «مۇقەددەس» كىتاپ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يالغۇز دىنىي ئېتىقاتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قەدىمقى تارىخى توغرىسىدىمۇ خېلىلا ئويدان مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

ئەندى يۇنانلىقلارغا كەلسەك مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 – ئەسىرلەردە مەزيود ئىسىملىق بىر كىشى «تەياگونىيە» دېگەن شېئىرىي ئەسەرنى يازغان. بۇ كىتاۋىدا گرېكلار ئىلاھلىرىنىڭ سىستېمىسىنى تۈزىدۇ ۋە بۇ ئىلاھلار بىلەن خەلقلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش، ئىلاھلار بىلەن يېرىم ئىلاھى قەھرىمانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋە باشقا خىلمۇ – خىل ئۇرۇشلار، دىنىي ئېتىقات، ئۆرپى – ئادەتلەر توغرىسىدا سوزلەيدۇ. بۇمۇ گرېكلارنىڭ «مۇقەددەس» دىنىي كىتاۋى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى گومېرنىڭ دۇنياغا داڭلىق «ئىلىئادا»، «ئودىسسېي» داستانلىرى بولۇپ، بۇمۇ مىلادىدىن تەخمىنەن 7 – 8 ئەسىر بۇرۇن مەيدانغا كېلىپ، بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

گومېر بۇ داڭلىق «داستانلار»نى يارىتىشتا خەلق ئېپوسىغا تايانغان. ئەسلى بۇ داستانلار كرېتسىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خەلق تەرىپىدىن كەڭ تارقىلىپ ئېيتىلىپ كەلگەن ئىدى. گومېر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، ئۇنى تۈزەپ تەرتىپكە سالدى. گومېر خەلق رىۋايەتلىرىنى قانداق ئالغان بولسا، ئۇمۇ خەلققە سادىق بولۇپ شۇ پېتىچە ئىشلىدى.

بۇ داستانلاردىكى خۇدالار ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەر قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ...

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ بىرلىكىنى ھۇن دەۋرىدە (پەرغانە) مانىخېيزم تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن «مۇقەددەس قەۋرە» دۇئانامىسىدا، 5 – ئەسىر ئەتراپىدا يارىتىلغان قەھرىمانلىق داستانى «چىستانى ئىلىك بەگ»دە، 7 – ئەسىر ئورخۇن دولىتى دەۋرىدىكى ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا ۋە مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالدى – كەينىدە «بۇددا» شامان، مانىخەي دىنلىرى تەسىرىدە يارىتىلغان ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى «قاراخانىيلار» (10 – 11 – ئەسىر) دەۋرىدە يارىتىلغان ئاجايىپ باي ئەدەبىي يادىكارلىقلاردا، جۈملىدىن ئۇنىڭ داۋامى چاغاتاي دەۋرى، سەئىدىيەر دەۋرى، ئاخىرى جۇڭغار خانلىقى، مەنچىڭ دەۋرى، ئاخىرى ياڭ، جىڭ، شىڭ، گومىنداڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات – سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتالايمىز.

(داۋامى بار).

(قارىغاندا ھۇن ئىنتىپاقىغا كىرگەن دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شامانىزم تەسىرىدە) يارالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋىرىك ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دە، 4 – 5 – ئەسىرلەردە

تەگرىنىڭ ئوغلى

تارىخىي ھېكايە

ئابدۇللا ساۋۇت

1

مىلادىدىن بۇرۇنقى 203 - يىل، كۈز.

كۆك بورىنىڭ كۆزلىرىدە يېشىل نۇرلار چاقنايتتى، ئۇ ئەركەك بورە ئىدى، تۇرقى بەكمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، بېشىنى ئۇيان - بۇيان بۇراپ ئەتراپقا ۋەھىمىلىك نەزەردە تىكىلەتتى. كۈز شامىلى تاغ باغرىدىن، توپ - توپ قوي، كالا، ئاتلار ئوتلاۋاتقان بىپايان يايلاقلاردىن، ئۇچۇرا ۋە چاتقاللار بىلەن قاپلانغان دەريا بويلىرىدىن نەي، تومرۇك (داپ) سادالىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. بورە گويا نەغمە - ناۋا ساداسىنى بېرىلىپ تىڭشاۋاتقاندەك بېشىنى تىك تۇتۇپ، قۇلاقلىرىنى شىڭگايتىپ نېمىگىدۇر ھۈرپىيەتتى. ئەتراپىدا بىرەر شەپە ئاڭلانسا شۇ ھامان ئېتىلىپ بارىدىغاندەك بىر خىل ھالەتتە كېلەتتى. كۆلخان يالقۇنلىرىدا ئۇنىڭ سىرتلىرى (قىل، تۈك، يايىل) كۆكۈچ، قارامتۇل رەڭدە يالتىراپ كېتەتتى، قىپ قىزىل تىلىمۇ بىر پارچە يالقۇندەك سوزۇلۇپ تۇراتتى. ئېگىزدە - تاغ باغرىدىكى كەڭ - تۈز سەينادا تەگرىقۇتقا ئاتاپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئالاھىدە ھەشەمەتلىك سايىۋەن ياسالغانىدى. سايىۋەن ئۈستىدىكى توققۇز خادىغا بورە بېشى، ئىككى يانغا قانات ئېقىپ پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىۋاتقان ئىككى جەغرى (بۈركۈت، قارچۇغا)نىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن توققۇز تۇغ ئېسىلغانىدى. سايىۋەننىڭ تۆت ئەتراپىدا رەڭگارەڭ ساچۇ (پوپۇك)لار تىترەپ - لەپىلدەپ تۇراتتى. سايىۋەن ئاستىدىكى يولۋاس تېرىسى قاپلانغان شاھانە كۇرسىدا باتۇر تەگرىقۇت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەيپتىن قىزىرىپ خۇمالاشقان كۆزلىرى بورىنىڭ ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بورە خېلە ۋىراقتا، پەستىكى كۆلخان يېنىدا تىلىنى ساڭگىلاتقان پېتى باتۇر تەگرىقۇتقا قاراپ تۇراتتى. بورىنىڭ ئىلاھىي قىياپىتى ئاجايىپ ئۇلۇغۋار، ھەيۋەتلىك سۈرلۈك ئىدى. كۆپ - كۆك كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى. بۇ نۇرلار كۆلخانلاردىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ يالقۇنلارغا ئوخشاتتى. بۇ نۇرلار باش- ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان سانسىز كۆلخانلارغا ئاتەش يالقۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۈن پەردىسى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان خانكاي (موڭغۇلىيەدىكى تاغ) تىزمىلىرىنى، شىمالغا قاراپ ئوركەشلەپ ئېقىۋاتقان سېلىنگا (موڭغۇلىيەدىكى دەريا) دەرياسىنىڭ كەڭ ۋادىلىرىنى قىزغۇچ شولىلارغا چۆمدۈرگەندى. شامال يۈزلەرنى سىلىققىنا سىيپاپ - سۆيۈپ ئۆتەتتى. كۆلخانلارنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىنى، نەغمە سادالىرىنى، كاۋاپ، شاراپ ھىدلىرىنى دەريانىڭ جەنۇبىغا ھەيدەيتتى. سېلىنگا دەرياسى توختىماي شىددەت بىلەن دولقۇن كۆتۈرۈپ شاقىرايتتى، گۈركىرەيتتى. تومرۇك، نەي، بەرباپ ساداسى تاغلاردىن، قاپتاللاردىن، چوڭقۇر ھاڭلاردىن ئەكس سادا قايتۇراتتى. بايرام بەزمىسى داۋام قىلىۋاتاتتى. سايىۋەن ئاستىدىكى بەزمە تازا قىزىپ ئەۋجىگە چىققانىدى. بورە قىپ قىزىل تىلىنى چىقىرىپ سىلىرلاتتى، باتۇر تەگرىقۇت سەگەكلىشىپ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، قۇلىقىغا ئىلاھىي نىدالار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

- ئوغلۇم ئوغۇز، بىلىمەن، ئەجدادلىرىڭنىڭ مۇشۇ چەكسىز گۈزەل زېمىندا چونۇيى (ھونلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى) دىن تارتىپ ئاتاڭ تۈمەن تەگرىقۇتنىڭ زامانىسىغىچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ياشاپ كەلدى. ئۇلار بەزىدە كۆپەيدى، بەزىدە ئازايدى، لېكىن تارقاق ھالەتتە ياشىدى. بۇرۇن ئۇرغۇن تەگرىقۇتلار دەۋران سۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ، ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىپ ھېچ قايسىسى بۇ زور ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرەلمىدى. سەن ئاتاڭنى ئۆلتۈرۈپ تەختنى قولغا ئالغىنىڭدىن كېيىن، ئۇزاق زامان بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، بىر - بىرىگە قارشى قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ كەلگەن چېچىلاڭغۇ ھون ئەلكۈن (قەۋم - قەبىلە)لىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۇغ ئاستىغا تويلاپ جاھاندا ئەڭ كاتتا، بۈيۈك ھون دۆلىتىنى تىكلىدىڭ، تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئېتىقادنى بىرلىككە كەلتۈردۈڭ. لەشكەر تويلاپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستىلاھ قىلدىڭ. دېمەك، سەن تۈرلۈك دانا تەدبىر - چارىلەرنى قوللىنىپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا پارلاق يول ئاچتىڭ. تۆرت گىرداۋى چەكسىزلىككە سوزۇلغان بۇ زېمىندا تۇلپارىڭنىڭ تۇياقلىرى تەگمىگەن يەر قالمىدى. شۆھرەت - داڭقىڭ مەغرىپتىن مەشرىققىچە يەتتى. ئەپسۇسكى، سەن يەنىلا زېمىن توغرىسىدا باش قاتۇرىسەن، بىر زېمىن بار، ئۇنى ئېلىشكە ئالسام دەپ ئويلايسەن. ئامما ئۇ زېمىننىڭ ئېگىلىرى باشقىلارغا قارىغاندا خېلىلا كۈچلۈك. سەن مۇشۇنداق قانائەت لىباسىنى كىيىپ، مەغرۇرلۇق شارابىنى ئىچىپ، غەپلەت تۆشۈكىدە يېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ، بۇ قىلمىشىڭ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە خىلاپ. مەغرىپتىمۇ، شەرقىي شىمال تەرەپتىمۇ سەن كۆزلىگەن زېمىنلار بار. ئاۋال مەغرىپ زېمىنلىرىغا ئات سال، ئاندىن شەرقىي شىمالدىكى زېمىنلارنى ئېلىشكە ئال. ئۇ زېمىننىڭ ئېگىلىرى ئاۋال سەندىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەممە مۇمكىنچىلىكلەر ئاخىرىدا بولىدۇ. ئوغلۇم ئوغۇز، بېشىڭنى كۆتەر، مەست - مۇستەغرەق بولۇپ غەپلەتكە چۆكمە. بۈگۈن بايرامنىڭ ئاخىرقى كۈنىغۇ، بەس، بىر ھەپتىدىن بۇيان ئەيش - ئىشرەت قىلغىنىڭ يېتەر. قوپ، ئەسەد بىلەن ئەجدىھا (يۇلتۇز ئىسىملىرى)غا تېۋىن. ئايتەگرى يۈز ئاچقان ھامان پايتەختكە قايت. ھاكىمدارلىقنى ئادالەت بىلەن يۈرگۈز، ۋىراقلارغا ئات سال!..

باتۇر تەگرىقۇت سەگەكلىشىپ، مەي تەسىرىدىن ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈردى، سايىۋەن پەردىلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كۆككە قاراپ ئەسەد بىلەن ئەجدىھاغا تېۋىندى، ئاندىن ئالدىغا - سايىۋەن جايلاشقان سەينادىن خېلىلا پەستە چاراسلاپ يېنىۋاتقان كۆلخانلارغا، ئىشىكى كۈن چىقىشقا قاراپ تىكىلگەن قاتار - قاتار ئاق چېدىرلارغا تىكىلدى. چېدىرلارنىڭ ئەتراپىدا بورىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھېلىقى بورە خېلە ۋىراقتا - دەريا قىرغىقىدا چوقچىيىپ تۇرغان خەرسەڭ تاش ئۈستىدە، بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنلارغا قارىغىنچە تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. بورىنىڭ ئاشۇ تۇرقىدىمۇ بىر خىل جىددىيلىك، تاقەتسىزلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھال باتۇر تەگرىقۇتقىچۇ تەسىر قىلدى. چۈنكى ئۇغۇلۇپلا بورە تېرىسىگە يۆگەلگەن باتۇر تەگرىقۇتنىڭ كەيپىياتىدىمۇ ئاشۇ ھالەت ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سارغۇچ، كىجمەك چاچلىرى ئاستىدىكى كەڭ، مىسرەڭ پېشانىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى يالتىرىدى، قوشۇمىسى قاتتىق تۈرۈلدى، چوڭ - چوڭ دۈگىلەك كۆزلىرىدە كۆكۈچرەڭ ئوت يېلىنجىدى. دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭ چىرايىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرسىز ھە دەپ يەپ - ئىچىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. پاراڭ، كۈلكە - چاقچاق ئەۋجىگە چىققانىدى. تەگرىقۇت ئوردىسىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنى بويىچە بۇ بايرام - بەزمىدىمۇ ئېسىل نەسەبلىك سۈلىندى (ھونلارنىڭ ئالىي نەسەبلىك ئۇرۇق - قەبىلىسى، تەگرىقۇتلار شۇ ئۇرۇقتىن چىقاتتى) ئۇرۇقىدىن ھەمدە قويىندى، سۈبىندى ۋە چۈيىندى (ھونلارنىڭ ئالىي نەسەبلىك قەبىلىلىرى، ئوردا، دۆلەت ئەمەلدارلىرى شۇ ئۇرۇقتىن چىقاتتى) ئۇرۇقىدىن چىققان سول قول ئۇلۇغ بىلىگە خانلار، سول قول ئۇلۇغ يابغۇلار، سول قول ئېل قۇساي - قۇتتىغۇلار، سانغۇن، تۇقۇقبەگلەر، تۈمەنبېشى، مىڭبېشلار باتۇر تەگرىقۇتنىڭ سول تەرىپىدە، ژۇقۇرى ئابرويلۇق، جەسۇر ئاتالغان غويان، شابۇ، لان (ھونلارنىڭ ژۇقۇرى ئابرويلۇق قەۋم - قەبىلىلىرى، باتىسخان، سانغۇنلار شۇ قەبىلىلەردىن چىقاتتى) ئۇرۇغىدىن چىققان يەنە ژۇقۇرىقى مەرتىۋىدىكى ھاكىمىيەت ئېگىلىرى بولسا، باتۇر تەگرىقۇتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۆز مەنسەپ - مەرتىۋە، دەرىجىلىرى بويىچە تىزىلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. باتۇر تەگرىقۇتنىڭ كەينى تەرىپىدە پايتەخت گۋادۇبۇسى (ئىبادەتخانا) بىلەن ئوردا گۋادۇبۇسىنىڭ ئۇلۇغ قامانى، ئوردىنىڭ باقشىسى (ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى، پالچى، بېشارەتچى) ھەزرەت قانتۇرمىش ئولتۇراتتى. ئۇ، ئىچىدە شېۋىرلاپ دۇئا ئوقۇغاچ بورە ھوشۇقلىرىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى ئالدىرماي سېرىتتى. چارلاشقان، شالاڭ چاچلىرى كەدىنىگە ئاپپاق، قويۇق ساقىلى مەيدىسىگىچە چۈشكەن، نازۇك تەبىئەتلىك بۇ ئۇلۇغ قامان تەگرىلەرنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە دۆلەت ئىشلىرىدا تەگرىقۇتقا ئالدىن بېشارەت ۋە مەسلىھەت بېرەتتى.

باتۇر تەگرىقۇت بايىقى ئىلاھىي نىدالارنى ئەسكە ئالدى، لېكىن بەزمە ئەھلىنىڭ خوشال - قىزغىن كەيپىياتىغا بەرھەم بېرىشكە كۆزى قىيماي جىم جىت ئولتۇرۇپ ئالدىغا نەزەر تاشلىدى. ئەتراپىغا رەڭگارەڭ ساچۇ تۇتۇلغان، ژۇڭ، ئىپەكتىن توقۇلغان كەڭ داستىخانلار قوي، سوغۇن (كىيىك، جەرەن)، ئۇلا، قىرغاۋۇل، كەپتەر، توشقان گۆشلىرى، ئوغلاق، پاخلان گۆشىدىن قىلىنغان تونۇر كاۋاپلىرى، زىخ كاۋاپ، بېلىق كاۋىۋى، تۇتماچ (تاماق ئالدىدا يېيىلىدىغان ئىشتەي ئېچىش غىزاسى)، كۆرشەك (سۆك، كۆرۈچلەرنى سۈ ياكى سۈتتە قاينىتىپ ئۈستىگە ياغ قۇيۇلۇپ يېيىلىدىغان تاماق)، سىمراق (خېمىردىن پىشۇرۇلۇپ دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدىغان تاماق)، بولدۇنى (ئىچكە قۇرت ياكى ھول ئۈزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان تاماق)، قېزا، كومەج، توقاچ، قارانان، ئاۋزۇرنى (بۇغداي ئۇنى بىلەن ئارپا ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلىدىغان تاماق)، قۇرت، يۇركەمەج (ئىنچىكە ئۈچەيگە قېرىن، ئۆپكە قاتارلىقلارنى تىقىپ پىشۇرغان كاۋاپ) قاتارلىق يېمەكلىكلەر ۋە ئۈزۈم، شاپتۇل، قوغۇن - تاۋۇز، بادام، ياڭاق، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندى. ئوردىنىڭ شاراپ بېگى مەخسۇسلا باتۇر تەگرىقۇتقا، ئۇنىڭ ژۇقۇرى مەرتىۋىلىك ئىككى مۇلازىمى بولسا ئوردا ئەئىيانلىرى (دۆلەت ئەركانلىرى)غا شاراپ ئۇتماقتا ئىدى. ئاغارتقۇ (بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان ئىچىملىك)، سۇچىك (ئاچچىق ھاراق)، بوزا، قىمىز تولدۇرۇلغان كۈمۈش ئاياغلار نۆۋەت بىلەن ئايلىناتتى. بەزمە ئەھلىنىڭ يۈز - بويۇن، قۇلاقلىرى قىزىرىپ كەتكەندى، كۆزلەر قان تولغاندەك كۆرۈنەتتى. گاھ ئۇسسۇلچى - رەققاسلار كېپىنەكتەك لەرزان پىرقىراپ، گاھ قىزىقچى - ھەييارلار چاقچاق، يۇمور - لەتىپىلەرنى ئېيتىشىپ سورۇننى قىزىتماقتا ئىدى. پەستە - ئېچىل تاشلىق ساي، ياپيېشىل يايلاقلاردا سانسىز كۆلخانلار ياناتتى. قامانلار (شامان دىنىنىڭ راھىپ، باقشى، ئۆلىمالىرى) ياغاچ گەردىشلىك، تومۇر ھالقىلىق تومرۇكلىرىنى داراڭلىتىپ كېلىپ، كۆلخان ئەتراپىدا دەۋر قىلىپ ئايلىناتتى. قاملار (ئايال راھىپ، كاھىن، بۈۋى) چىرايلىق ياسانغان بولۇپ، ئوت يورۇغىدا ئىلاندەك تولغىنىپ، قۇيۇندەك چۆگىلەتتى، مۇناجات ئېيتىپ تەگرىلەرگە مەدھىيە ياغدۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈۋاتقان پەرىشتىلەرگە تىمسال بولۇپ، ئاجايىپ نەپىس - چىرايلىق ئىدى. ياش لەشكەرلەر دەريا بويىدا ئەمدىلەتىن سارغىيىشقا باشلىغان ئوت - چۆپلەر، چىمەنلەر ئۈستىدە گاھ يۈملىشاتتى، گاھ بىر - بىرلىرىنى قوغلىشاتتى، گاھ بايرام قوشاقلىرىنى ئېيتىشاتتى. دەريا قىرغىقىنى بويلىتىپ سانسىز چېدىرلار تىكىلگەنىدى. ھەر بىر چېدىر ئۈستىدىكى خادىغا بورە بېشى كەشتىلەنگەن كاككۆك ئاغزى رەڭلىك ئىپەك تۇغ ئېسىلغانىدى. چېدىرلاردا لەشكەرلەر بىلەن ھەر قايسى قەۋم-قەبىلىلەردىن كەلگەن ئاقساقاللار، پۇخرالار ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ بەزمە قىلىشماقتا ئىدى. ئادەت بويىچە ئۇلارنىڭ بەزمىلىرىنى جەغرى ئۇتۇاندىكى 400 نەپەر بەگ باشقۇرۇۋاتاتتى. دۇمباق، ناغرا، نەي، داپ، سۇناي، بەرباب سادالىرى پۈتكۈل سېلىنگا ۋادىسىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى. ھەر بىر چېدىر، ھەر بىر كۆلخان ئەتراپىدا توپ - توپ بورىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى.

- ئەي تەگرىنىڭ ئوغلى، جاھاننىڭ قۇتلۇق ئەركىسى! - باتۇر تەگرىقۇتنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان قانتۇرمىش ھەزرەت سوزۇق ئاھاڭدا شېۋىرلاشقا باشلىدى، - ئەي كۆكتەگرى بىلەن يەر تەگرى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈنتەگرى بىلەن ئايتەگرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ تەگرىقۇت! بايىقى ئىلاھىي نىدالارنى يادىڭدىن چىقاردىڭمۇ! بەزمە شاراپلىرى ئەقلىڭنى ئالدىمۇ؟ بېشىڭنى كۆتەر! ئۈستۈڭدە ئايتەگرى كۆرۈندى. ئۆتكەن يىلى مول ھوسۇل بايرىمىنى تۇغلا (موڭغۇلىيەدىكى دەريا) دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان تامىر دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزگەنىدىڭ. بۇ يىل ئاۋال ئوردا خەزىنىسىنى تەرتىپلىك بۇلاڭ - تالاڭ قىلدۇردۇڭ، ئەل ئۇرغۇن بايلىققا ئېرىشتى. ئاندىن ئاتاڭ، مەرھۇم تەگرىقۇت تۈمەنخاننىڭ روھىغا ئاتاپ توققۇز تۆگە، 90 كالا - قوتاز، 900 قوي قۇربانلىق قىلدىڭ. قۇربانلىقنىڭ قېنىنى ئاتاڭنىڭ مەقبەرىسىگە چاچتىڭ. ئاخىرىدا بۇ سېلىنگا دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىدا مول ھوسۇل بايرىمىنى ئۆتكۈزدۈڭ. بايرام باشلىنىش بىلەن تەڭ ساڭا قارام يەر - جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن خۇش خەۋەرلەر كەلدى. ئاشلىق - دانلار توكمە بوپتۇ، مال - چارۋىلىرىڭنىڭ ھېساۋىغا ساناق يەتمەيدۇ، ئادەملىرىڭنىڭ سانىمۇ تېز كۆپىيىۋېتىپتۇ. بۇ، بىر مۆجىزە، تەگرىلەرنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان مۆجىزىسى، قۇتى. ۋەھالەنكى، سەن شۇ تاپتا مۇرات - مۇددىئالىرىڭغا يەتتىم، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ شۇ ئوي سېنى بىخۇدلاشتۇرۇپ قويماقتا. ھوشيار ۋە ئاگاھ بولغىنكى، ناھايىتى ۋىراقتا، شەرقىي شىمالدا قوشنىسى (قوشنا)لىرىڭ نىيىتىنى بۇزۇۋاتىدۇ، قوزغاۋاتىدۇ. تەگرىلەر بېشارەت بەردىغۇ. ئۇلار سېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەڭنى سوراپ ئەلچى ماڭدۇردى. سەن كەڭ قوساق، ئېھتىياتچان بول. تەگرىلەرنىڭ بېشارىتى ۋە ھۆكمى بويىچە ئىش قىل، تەگرىلەر سېنىڭ زېمىن تەلۋۈگىنى قاندۇرىدۇ. بىراق سەنمۇ ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىدىن قەتئىي ۋاز كېچىشىڭ كېرەك. قىسقىسى، سەن سىناققا دۇچ كەلدىڭ، تەگرىلەر سېنى سىناۋاتىدۇ. ھە، ئورنۇڭدىن تۇر! ئايتەگرىگە تېۋىن! ئاندىن قايتىپ تەگرىلەرنىڭ ھۆكمىنى ئادا قىل!..

باتۇر تەگرىقۇت كەيپتىن ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا ۋىكتىلىك كۈچ - قۇدرىتى، جۇشقۇنلۇغى غالىپ كېلىپ چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى: سول قولىنى كۆتۈرۈپ بايرامنىڭ ئاخىرلاشقانلىغىنى ئىشارە قىلدى. داستىخانلار يىغىشتۇرۇلدى، داقا - دۇمباق سادالىرى توختىدى. باتۇر تەگرىقۇت ۋە بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى سايىۋەن ئاستىدىن كەڭ سايناغا چىقىپ ۋاقىتلىق گۋادۇبۇغا كىردى ۋە قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئايتەگرىگە تېۋىنىش مۇراسىمىنى تەنتەنە بىلەن تامام قىلدى. ئاي كۆكتە نۇر چېچىپ تۇراتتى، يۇلتۇزلار چىمىرلاتتى، كۆلخانلارنىڭ ئاخىرقى چوغلىرى كۈز شامىلىدا يېلىنجاتتى. باتۇر تەگرىقۇت پايتەختكە قاراپ راۋان بولدى. ئالچى ئايىقاغان كېنىزەكلىرى بىلەن سىپاھلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە كېتىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا قالغان بىر تۈركۈم چارۋىدارلار يايلاق، چۆل - دەشتلەرگە بورىلەر ئۈچۈن دەپ ئۇرغۇن قويلارنى تاشلاپ ماڭدى. باتۇر تەگرىقۇتنىڭ تۇلپارى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئەركەك بورىگە ئەگىشىپ چاپماقتا ئىدى.

2

مىلادىدىن بۇرۇنقى 202 - يىل، ئەتىياز.

بورىنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى. ئەتراپ قاراڭغۇمۇ، يورۇقمۇ ئەمەس ئىدى، ھەممە نەرسە غۇۋا، خىرە - شىرە كۆرۈنەتتى. باتۇر تەگرىقۇت ئۇۋ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئوقيا، ساداق ئاسقانىدى. ئۇ ئاتلىق، تەنھا ھالدا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ۋىراقلارغا تىكەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەھرەم - سىپاھ، مەرگەن - پالۋانلىرىنى ئالماي يالغۇز ئوۋغا چىققانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنەلمەيتتى. تۇمشۇغىغا ئۇركەن (قېيىش، كۆن) قاپچۇق كىيدۈرۈلگەن جەغرى ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا مەغرۇر كېرىلىپ ئولتۇراتتى. ئەندىلەتىن كۆكىرىشكە باشلىغان يايلاقلار، قاقاس چۆللەر، قۇم بارخانلىرى، كۆككە بويى سوزغان تاغلار، ئېگىز - تاغلىق قىيا، چوڭقۇر جىرالاردىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تارام - تارام سۇلار، زەڭگەر ئاسمان، ئاق - بوزرەڭ، قارامتۇل بۇلۇتلار... ئۇنىڭ ئالدىدا گاھ نامايەن بولاتتى، گاھ غايىپ بولاتتى. قەيەردە ئۇۋ بار، بورە مېنى نەگە باشلايدىكىن، دەپ ئويلىغان باتۇر تەگرىقۇت بورىگە بىر خىل ئۈمىت بىلەن تىكىلدى. بورە كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر چاقنىتىپ، تىلىنى سوزغىنىچە ئورنىدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى. باتۇر تەگرىقۇت بىر ھازا تېگىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزى خالاپ كۆك رەڭگە ئات سالدى، بورە شۇ ھامان قاتتىق ھۇۋلاپ ئاتنىڭ ئالدىنى توسىدى. باتۇر تەگرىقۇت ھەيران بولۇپ توختىدى ۋە قىزىل رەڭگە ئات سالدى. بورە يەنە ئېغىرمۇ قاتتىق ھۇۋلاپ ئاتنىڭ ئالدىنى توسىدى. باتۇر تەگرىقۇت يا كۈلۈشنى، يا ئاچچىقلاشنى بىلەلمەي خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ قارا رەڭ (ھونلار تەرەپلەرنى رەڭ بىلەن بەلگۈلەتتى، كۆك رەڭ - شەرقنى، قىزىل رەڭ - جەنۇبنى، قارا رەڭ - شىمالنى، ئاق رەڭ - غەربنى كۆرسەتتى) تەرەپكە قاراپ ئات سېلىدى، بورە ئىلاندەك سويلاپ - ۋىشىلداپ گويا باتۇر تەگرىقۇت ئۆزى كەشىپ قىلغان ئاۋازلىق ئوقيانىڭ ئوقىدەك قارارەڭ تەرەپكە ئېتىلدى. باتۇر تەگرىقۇتنىڭ تۇلپارىمۇ بورىنىڭ كەينىدىن شامالدەك تېز چاپتى. ئاز ئۆتمەي بورە باتۇر تەگرىقۇتنى مەنقىشلاغ (يەر نامى)قا باشلاپ كەلدى. مەنقىشلاغ ئوت - چۆپ، كۆل - گىياھلىرى ئادەم بويى ئۆسىدىغان، بۇلاقلىرى كۆپ، ھاۋاسى ساپ يايلاق ئىدى. بۇ يەردە ھەر يىلى يازدىن - كۈزگىچە مەرھۇم تەگرىقۇت تۈمەنخاندىن قالغان بۈيۈك تۇلپار ئوتلاتتى. لەشكەرلەردىن توققۇزى مەخسۇس بۈيۈك تۇلپارنى بېقىش - مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. ھازىر بولسا بۈيۈك تۇلپار ئوردا ئاتخانىسىنىڭ خاس ئېغىلىدا تۇرۇۋاتاتتى.

(داۋامى بار).

ھېبىبۇللا يۇنۇسنىڭ تۇغۇلغىنىغا 70 يىل

ئۇ ھايات ھەقىقىتىنى كۈيلىگەن ئىدى...

... تالانتلىق ئادەملەرنىڭ جازالىنىشى ئۇلارغا بولغان مۇكاپاتتۇر.

ك. ئا. گېلۋېتسىي.

مەن ھېبىبۇللا ئاكا يۇنۇسنى كىچىكىمدىن بىلىمەن. ئۇ مېنىڭ ئاياز ئاكام بىلەن قەدىناس ئاغىنە، سىنىپداش سۈپىتىدە بىزنىڭ ئۆيدە پات - پات بولۇپ تۇراتتى. ھايات دېگەن قىزىقتە، ئەينە شۇ ئاكامنىڭ ئاغىنىسى بىلەن مەن ژىگىرمە يىلدىن ئوشۇق خىزمەتداش بولۇشقا نېسىپ قىپتۇ، ھېبىبۇللا يۇنۇس بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇپ ئىجىل - ئىناق ئۆتتۇق. ئۇ ھايات بولغان بولسا، بېيىل يەتمىشىنچى باھارىنى نىشانلىغان بولار ئىدۇق...

ھېبىبۇللا يۇنۇس 1932 - يىلى ئالمۇتا ۋىلايىتى ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ غالجات يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. بۇ يىللىرى كېڭەش ئېلىدا يۈز بەرگەن مەجبۇرىي كوللېكتىۋلاشتۇرۇش ۋە شۇنداقلا كوممۇنىستلارنىڭ باشقىمۇ باش - باشتاقلىق ھەرىكەتلىرىدىن بىزار بولغان خەلق ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەينە شۇ سەۋەپلەرگە باغلىق ھېبىبۇللا ئاكىنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوسمۇرلۇك ۋە بالىلىق دەۋرى جاغىستايدا ئۆتىدۇ، ئۇ يېزىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقىرىپ، ئاندىن غۇلجا بىلىم يۇرتىدا تەھسىل كۆرىدۇ. كىچىكىدىن زېرەك ئۆسكەن بىلىمگە تەشنا ھېبىبۇللا يۇنۇس بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ دارىلفۇنۇندا ئوقۇيدۇ.



1956 - يىلى ش ئۇ ئار دىن س س س ر ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەندە ھېبىبۇللا ئاكىمۇ باشقىلار قاتارىدا تاشكەنتكە چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيە دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژۇرنالىستىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ. بۇ ئالىي بىلىم دەرگاھىنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ گېزىتى» رېداكسىيەسىدە ئىشلەيدۇ. لېكىن بۇ يىللىرى خىتاي كوممۇنىستلىرى مۇدھىش «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى»، «ستىل تۈزىتىش» دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل تۈستىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئوچۇق ئالدۇرۇپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى تەقىپلەش، سىياسىي ئاڭ - سېزىمى ئۈستۈن، بىلىم دائىرىسى كەڭ، 1944 - يىلقى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ مۇستەقىللىق مېۋىسىنىڭ دەسنى تېتىغانلارنى جىسمانىي يوقىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. مۇنداق شارائىتتا ئۇ س س س ر غا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ھە دېگەندە ئالمۇتا ۋىلايىتى ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسىنىڭ تاشكەناز يېزىسىدا مۇئەللىملىك قىلىدۇ.

ق پ س س مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئارا بۆلۈمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1970 - يىلى 1 - يانۋاردىن جۇمھۇرىيەتلەر ئارا «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى ھۇزۇرىدا ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچىسى سۈپىتىدە ئەرەپ - ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا «يېڭى ھايات» چىقىشقا باشلىغاندا ئۇ دەسلەپ گېزىتنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئاندىن ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ مەسئۇل كاتىپى بولۇپ ئۈزلۈكسىز ئىشلىدى. ھېبىبۇللا يۇنۇس ئۆزىنىڭ بارلىق بىلىمىنى، پەم - پاراسىتىنى «يېڭى ھايات» گېزىتىنى سۈپەتلىك چىقىرىشقا، كۆپچىلىكنىڭ كەڭ دائىرىدە ئېتىراپ قىلىشىغا سەرىپ قىلدى.

ھېبىبۇللا يۇنۇسنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ ژۈرگەن يىللىرى باشلانغان بولۇپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ھەر خىل ماۋزۇلارغا يېزىلغان شېئىرلىرى، ھېكايىلىرى بېسىلدى. ئۇنىڭ تاشكەنتتە ئوقۇشى، كېيىنرەك ئالمۇتىدا «يېڭى ھايات» گېزىتىدا ئىشلىگەن يىللىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە شارائىت ياراتتى. ھېبىبۇللا ئاكا «تۇنجا يامغۇر»، «سېھىرلىق نەي» توپلاملىرىنى نەشىر قىلدۇردى. ئۇنىڭ شۇنداقلا نەشىر قىلىنماي قالغان كۆپلىگەن ھېكايىلىرى، شېئىرلىرى بولىدىغان.

1991 - يىلى مارتتا ئۇ ئىجادىي پائالىيىتى رىۋاجلىنىۋاتقان بىر چاغدا بېۋاقىت پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا سەپەر قىلدى. ھېبىبۇللا ئاكا ھايات ۋاقتىدا تەييارلىغان «رۇبايىلار» توپلىمىنى 1993-يىلى يۇلدىشى گۈلبوستان تۇردى ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشىر قىلدۇرۇپ ئىستىدات ئىگىسىگە ھۆرمەت بىلدۈردى. تالانتلىق ئەدىپ ئۆزىنىڭ بۇ توپلىمىدا چوڭقۇر پەلسەپىلىك ئوي - تۇيغۇ بىلەن سۇغىرىلغان، بەدىيلىكى ژۇقۇرى، مۇھىمى، ھايات ھەقىقىتىنى كۈيلەيدىغان بۇ توپلىمىنى «رۇبائىيچىلىقنىڭ پىرى» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئۇلۇق پارس شائىرى ئۆمەر ھەييامغا مۇراجەت قىلىپ:

قولۇمغا ئالغاندا ئىزگۇ قەلەمنى،
ئەسلەيمەن ھەزرىتى ئۆمەر ھەييامنى.
ئۇ دەيدۇ ھەتتاكى كىرىپ چۈشۈمگە:
«ئوغلۇم! .. ئوچەرمىگىن مەن ياققان شامنى!!» -

دەپ باشلاپ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئۇلۇق ئۇستازغا شاگىرت بولالايدىغانلىغىنى ئۆز رۇبائىيلىرىدا ياققال ئىسپاتلايدۇ.

يادىكار سابىتىي.

تۆۋەندە بىز ھۆرمەتلىك گېزىتخان ھ. يۇنۇسنىڭ «رۇبائىيلار» توپلىمىدىن بىر تۈركۈم رۇبائىيلارنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلدۇق.

ھېبىبۇللا يۇنۇس

رۇبائىيلار

بىزدىن ئىلگىرى ھەم بار ئىدى دۇنيا،
ياخشىغا ھەمىشەم زار ئىدى دۇنيا.
ھەممىنىڭ بوشۇكىنى تەۋەتكەن بىلەن،
بەرى - بىر يامانغا خار ئىدى دۇنيا.

* * *

دەردىڭنى دەرتسىزگە قىلمىغىن ئىزھار،
ئۇ سېنىڭ ھالىڭغا يەتمەيدۇ زىنھار.
بېشىنى ئەگمىگەچ جۇدۇن - چاپقۇنغا،
چوققىلار بېشىدا تۇرار مەڭگۇ قار.

* * *

كىم مېنى دوست تۇتتى، دوست بولدۇم ئاڭا،
قوش مىغىزدەك قەلبى قوش بولدۇم ئاڭا.
دوستۇم دەپ پوستۇمغا ئولتارماق بولسا،
ساتقۇننى كۆرگەندەك ئوچ بولدۇم ئاڭا.

* * *

ئۆمۈرنىڭ كۆيىنى سۈرۈپ بولدۇم مەن،
ۋىسال ۋە ھىجرانغا جىلىك بولدۇم مەن.
پانىدىن باقىيغا قىلماستىن سەپەر،
جەننەتتە - دوزاقنى كۆرۈپ بولدۇم مەن.

* * *

سۆيگۈدە، ئەزىزىم، ھېچ ساقى بولما،
ھەممە قىسار گۈلنىڭ پۇراقى بولما.
ۋىسالدىن بەزىدە ئىراق بول، ئەمما -
دەز كەتكەن كۆڭۈلنىڭ ئۇلاقى بولما.

* * *

بىلمەسەن نېمىچۈن ئامراقمەن گۈلگە،
ئۇ ئارام بېرىدۇ يېرىم كۆڭۈلگە.
بايقىساڭ، بەك ئوخشاپ كېتىدۇ، دوستۇم،
گۈللەرنىڭ ئومرىمۇ بىزنىڭ ئۆمۈرگە.

* * *

ئاڭلىغىن، ئانا يۇرت، مېنىڭ ئەرزىمنى،
قىل دېمە سۈننەتنى، ئۆتەي پەرزىڭنى.
بەرگىنىڭ شۇنچە كۆپ،
بېۋاق كۆز ئۇمسام،
كىم ئارتقاي ئۈستىگە سېنىڭ دەردىڭنى.

* * *

ئۇ ياخشى، بۇ يامان دېيىشىق سۆھبەتتە،
گويا كۆيگەن بولۇپ موشۇ بىر دەرتتە.
ۋە لېكىن پۇل - دۇنيا، مەنسەپ تالىشىپ،
تۇرالماي كېلىمىز زادى بىر سەپتە.

* * *

كۆزۈمنىڭ يېشىدىن بولدى كۆل پەيدا،
كۆيگەن يۈرىكىمدىن بولدى كۆل پەيدا.
تۆھمەتلەر دەستىدىن يۈزۈمگە چۈشكەن -
سانسىز قورۇقلاردىن بولدى يول پەيدا.

* * *

يۇرتۇمدىن مۇقەددەس كىمىم بار مېنىڭ،
ئەل - يۇرتسىز ئامەتكە يولۇم تار مېنىڭ.
بەختكە بولۇنۇپ كۈلەر ئىكەن يۇرت،
دېمەككى ئۇنىڭدا نامىم بار مېنىڭ.

* * *

سەن بارسەن، ۋەتىنىم، تاغدەك مەغرۇرمەن،
دۈشمەننىڭ ئالدىدا تەگرىدەك زور مەن.
ئاۋادا سېنىڭدىن جۇدا ئىكەنمەن،
ھەركىمنىڭ پۇتىدا پوگزەكتەك خورمەن.

* * *

دەرت كەلسە، كۆزۈڭدىن ئاقار ئاچچىق ياش،
سەۋەپكى غەملەرنىڭ باغرى بولار تاش.
ۋە لېكىن تۈن قانچە قارا بولسىمۇ،
بەرى - بىر چاراقلاپ چىقىدۇ قۇياش.

* * *

ياخشىغا كورۇم يوق، يامانغا ئۆلۈم،
بۇ ئۇلۇق ھەقىقەت، ئەستە تۇت، گۈلۈم.
ياخشىلار بىباھا بولغىنى ئۈچۈن،
يامانلار ياخشىغا قىلىدۇ زۇلۇم.

* * *

ۋەتەن دەپ بەرىمىز ناخشا ئېيتىمىز،
ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ كېتىمىز.
ساقلانسا ۋەتەننىڭ ئۇلۇق تارىخى،
ئۆچمەيدۇ، ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئىتىمىز.

* * *

تەشۋىشنىڭ مۇنچىلا كۆپ ئىكەن، دۇنيا،
بىر شاتلىق، بىر قايغۇ جۈپ ئىكەن دۇنيا.
تىرىشىپ، تىرمىشىپ تۇپلىساق دۇنيا،
ئاخىرى بىزگە تۇق ئىكەن، دۇنيا.

* * *

دوستلۇرۇم، سىز بارسىز ئۆچمەيدۇ نامىم،
سىز بىلەن ھاياتتۇر مېنىڭ ئىلھامىم.
دىللاردا قالاركەن بىر قۇر، بىر كۇبلېت،
بوپ قالار شۇ مېنىڭ ئۆمۈر كىتاۋىم.

* * *

كىملەرنى قويىنىغا ئالمىدى بۇ يەر!
بىنا بولغىنىدىن بۈگۈنگە قەدەر.
بارچىغا قۇچىغىن ئېچىپ تۇرغاچقا،
ئاي كۆمۈچ توكىدۇ، قۇياش ئاڭا زەر.

* * *

قورقىمەن، ئەزىزىم، مەنمۇ ئۆلۈمدىن،
ئۇنىڭغا چەك قويۇش كەلمەس قولۇمدىن.
بۇ گۈزەل دۇنيادا مەندىن بېسوراق،
پەقەت شۇ ئايرىيدۇ ئىزگۇ يولۇمدىن.

* * *

كۆپ ژىغلاپ كۆزلەردە قۇرۇپ كەتتى ياش،
چاچلا ئەمەس، ھەتتاكى ئاقىرىپتۇ قاش.
داناندىن سورىسام: بۇ نېمە ھال دەپ،
دېدى ئۇ: «تاللىماي ئۇتتۇڭغۇ يولداش».

* * *

يامانلاپ ژۇرىمىز بىلمەي ياخشىنى،
غېيۋەتتىن قىلمىز كۈندۈز - ئاخشىمى.
ئۇ كېتەر ئاردىن، ئېيتالمايمىز بىز،
پەدىنى سېرىپ ئۇ ئېيتقان ناخشىنى.

* * *

قۇي، مەينى قەدەھكە تولتۇرۇپ ساقى،
بىر ئىچىپ بولاي مەن مەجنۇن سىياقى!
كىم نېمە خالىسا، مەيلى دەۋەرسۇن،
بەش كۈنلۈك ئالەمگە مەن ئەمەس باقى.

* * *

ياشلىقتا كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىردۇق،
بىر مەھەل بىز ئۇنىڭ دولىتىن سۈردۇق.
بىباھا ئۆمۈرنى ئۆتكۈزۈپ بوشقا،
يەتكەندە قېرىلىق پۇشمان قىپ ژۈردۇق.

* * *

ئەجەپلەنمە، ئەگەر مېنى مەس كۆرسەڭ،
بەزەن تاغدىن ئېگىز، گۈلدىن پەس كۆرسەڭ.
ئالتۇن بوشۇكۇڭنى كوتىرىپ تۇرغان -
يەر ھېساپلا مېنى، مۇقەددەس كۆرسەڭ.

* * *

دانىشمەن بولاي دەپ، بولما ئاۋارە،
ئەي، روھى كەمبەغەل، ئۆزى بىچارە.
بىر ئۆمۈر داۋاگەر بولغىنىڭ بىلەن،
يۇرت دانا دېمىسە ئاڭا نە چارە.

* * *

پۇلۇڭنىڭ بارىدا دوستۇڭ كۆپ، سېنىڭ،
ئويۇن - كۈلكىلەرگە خۇشتۇڭ كۆپ سېنىڭ.
ئامىتىڭ كەلگەندە ئىشنى ئويلاپ قىل،
بەلكى كۈلكىگە زار پۇشتۇڭ كۆپ، سېنىڭ.

* * *

دوست ئەمەس، چىقاردىڭ پۇلدارنى تۆرگە،
يىتىلەپ ماڭغاندەك سېمىزنى ئۆرگە.
ئۇ قاراپ قويمىدى تاۋۇت تەرەپكە،
يۇرت سېنى ئېپ ماڭغان چېغىدا گۆرگە.

* * *

ئېمىنى ئوگەتسە شۇنى دەر تۇتى،
ژۈرەكتە بولمىغاچ ئانا تىل ئوتى.
ئادەممۇ شۇ قۇشتەك بولۇپ قالغۇسى،
بولمىسا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى.

* * *

ھاياتقا بىر كەلدۇق، كەلمەيمىز يېنىپ،
شۇ سەۋەپ ئۇنىڭغا ئۇتمەيمىز قېنىپ.
رازىمەن، ئۆمرۈمدە، ئانا يۇرتۇمنىڭ -
مۇبارەك قەلبىدە ئۆچسەم بىر يېنىپ.

* * *

يەرگە بىر، ئەرگە بىر نۆۋەت كېلەركەن،
بىرىگە غەم، بىرىگە ئامەت كېلەركەن.
ھەممىنى تەڭشىگەچ تەغدىرنىڭ ئۆزى،
بىر كۈلكىدىن كېيىن بىر دەرت كېلەركەن.

* * *

بىر كېلىپ، بىر كەتتۇق، بۇ دۇنيا قالدى،
بىز بىلەن تەڭ ئۆسكەن گۈل - گىيا قالدى.
پانىينىڭ غېمىدىن قۇتۇلدۇق، ئەمما،
ئەندى بىز كۆرمىگەن ئۇ دۇنيا قالدى.

* * *

مەن ئۆلسەم ژىغلىماڭ قومۇ - قېرىنداش،
تىرىلىپ كەلمەيمەن تۆككەنگە كۆز ياش.
بېشىم يەتمەسىمدى ئاسمان - پەلەككە،
بارىمدا بولساڭلار مۇڭۇمغا - مۇڭداش.

* * *

ئۆلۈمگە باش ئېگىپ پۈكمىدىم تىزنى،
ھاياتتا زادىلا ئۆچمەيدۇ ئىزىم.
بەزىدە ھاياتتىن كەتكۈم كېلەر تېز،
ۋەتەن خائىنلىرىن كۆرگەندە كۆزۈم.

* * *

بىرەۋنى كويدۇرمە تۆھمەت ئوتىدا،
ھەق - ناھەق ئايرىلار خەلق سوتىدا.
كۆزنىڭ قارچۇغىنى ئاسرار تەبىئەت،
كىرىپىك ئاستىدىكى ياقۇت قۇتىدا.

* * *

بىرلىرى يولۇمدا باش ئاتتى ماڭا،
بىرلىرى ئارقامدىن تاش ئاتتى ماڭا.
مېنىڭ ئىرادەمگە ئەيلەپ ئاپىرىن،
يۇرتۇم گۈزەللىرى قاش ئاتتى ماڭا.

* * *

ئەجەلدىن ھەممىمىز قورقىمىز ھامان،
قاچقانغا ئۇنىڭدىن قالمايمىز ئامان.
بىراقتا دوستلارنى سېتىپ دۈشمەنگە،
ئۆزى تىرىك ژۈرگەن ئەجەلدىن يامان.

* * *

كۆپ ژىغلاپ كۆزلەردە قۇرۇپ كەتتى ياش،
چاچ ئەمەس، ھەتتاكى ئاقاردى بۇ قاش.
داناندىن سورىسام: بۇ نېمە ھال دەپ،
دېدى ئۇ: يامانغا بولدىڭغۇ يولداش.

* * *

قۇي مەينى، ئېي ساقى، تولتۇرۇپ جامغا،
بىر پەس ئارام بەرگەي ئەشۇ مەي جانغا.
ۋىجدانىنى ئابرۇيغا ساتقاندىن كۆرە،
ئورتەلسۇن ژۈرىكىم مەي تولغان جامدا.

* * *

رەقىپكە ئەل بولۇش نامەرتلىك جەڭدە،
مەرت ژىگىت بېشىنى ئەگمەس ئەجەلگە.
ئاسىي ھەم قورقاقلار كاساپىتىدىن -
ئېغىر دەرت چۈشىدۇ مۇقەددەس ئەلگە.

* * *

ھەي رەببىي، ئوتتۇنۇپ سورايمەن سەندىن،
بىر نۆۋەت شەپقىتىڭ ئايىما مەندىن.
بىر ئۆمۈر نىگارسىز ئۆتسەم مەن ئۆتەي،
ۋە لېكىن ئايرىما، مېنى ۋەتەندىن.

* * *

كەتكۈم يوق زادىلا بۇ دۇنيا سەندىن،
مىڭ ئەۋزەل بولسىمۇ ئۇ دۇنيا سەندىن.
مابادا مەن كەتسەم تۇتىيالىقچۇن،
ئېپ كېتەي جەننەتكە بىر كىيا سەندىن.

* * *

ئېيى تەغدىر، بەختىمنى تاپماي كەتتىم مەن،
بىمەزگىل قېرىدىم تۆھمەت، دەرتتىن مەن.
مىڭ قەتلى شۈكرىكىم ئايرىلمىدىم ھېچ،
ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببەتتىن مەن.

* * *

دانانى ئاخماققا خار قىلدىڭ تەغدىر،
بەختكە يولىنى تار قىلدىڭ، تەغدىر.
غەملەرنىڭ ژۈكىنى ئارتىپ ئۇنىڭغا،
كۈلكە بازارىغا زار قىلدىڭ، تەغدىر.

* * *

تۇغۇلغاندا ئاق يوگەككە يوگىلىپ،
بوشۇك بولدى ئاخىر بىزنىڭ ئېتىمىز.
ئۆلگەندىمۇ ئاق يوگەككە يوگىلىپ،
ئاق يېپىنغان تاۋۇت بىلەن كېتىمىز.
بۇ ئۆمۈرنىڭ ئۈزۈلۈگىنى قاراڭلار،
بوشۇك بىلەن تاۋۇت ئىكەن ئارانلا...

تارىختىن ئۇچۇر

ئۇيغۇرستاننىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى

(ئاخىرى، بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

2 . مىڭ ئۆيلەرنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى

ئەندى خىتاي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 50 نەچچە يىلنى ئەسلەيدىغان بولساق ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر پاجىئەلەر مەۋجۇت. بىز بۇنى تۆۋەندىكى فاكتلاردىن كۆرۈپ چىقالايمىز: ئالدى بىلەن مىڭ ئۆيلەرنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختالساق ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى ئېچىنىشلىق. مىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلىك مېھنەتكەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاپالىق مېھنىتىنىڭ مېۋىسى بولۇپ قەدىمىي ئۇيغۇر تارىخىنىڭ، مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىمىزنىڭ ئىپادىلەنگەن ئەڭ ئېسىل نەمۇنىسىدۇر.

مىڭ ئۆيلەر بۇددا دىنى ئېتىقادىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ ئۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن بۇددىزم سەنئىتى دېگەن نام بىلەن كەڭ قانات يايغان. كېيىن ئەسلىدىكى بۇددىزىم سەنئىتى ئۇيغۇر ئەدىپلىرى، رەسساملىرى تەرىپىدىن رىۋاجلاندۇرۇلۇپ ئۇيغۇر بۇددىزم سەنئەت شەكلى بېخلىنىپ چىقىدۇ. ھەتتا بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ھېكايە مەزمۇنلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگۈرۈپ «قېدىمقى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئۆزگۈرۈدۇ. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجايىپ يۈكسەك، گۈزەل فانتازىيەلىك قىسسىلىرى بىلەن رىۋايەتلىرىنى سىزما رەسىم ھەم ھەيكەلتاراشلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ. بۇددا دىنى ئۇيغۇرستانغا تارالغان ۋاختىدا كۈسەن (كۇچار) دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئالدى بىلەن دەريانىڭ ئېقىن سۇ بويلىرىغا ساڭراملارنى سالدۇرۇپ كىمىر ئۆيلەرنى قازدۇرغان، بىراقتا قېدىمدىن تارتىپ خېلە ياخشى ساقلىنىپ كەلگەن بۇ مىڭ ئۆي يادىكارلىقلىرى ھازىرقى كۈندە مۇھاپىزەتسىز ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالدى. بۇ مىڭ ئۆيلەرنىڭ رايونلار بويىچە چېچىلىپ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە بۇزۇلۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

كۇچار رايونىنى مەركەز قىلغان مىڭ ئۆيلەر

1. ئاقسۇ ناھىيەسىگە جايلاشقان توغلاقچان مىڭ ئۆيى. بۇرۇن بۇ جايدا 100 دىن كۆپرەك مىڭ ئۆي ھوجرىلىرى بار ئىدى. ھازىر پەقەت 6 ھوجرا ئۆي ساقلىنىپ قالغان. قېدىمكى نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى تامامەن ۋەيران قىلىنغان.

2. تەي تەر مىڭ ئۆي. بۇ باي ناھىيەسىنىڭ قىزىل

بۇ جايدىكى 253 كىمىر ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلەرنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەسۋىرى سۈرەتلەر 70 خىلغا يېتىدۇ. بۇ بەدىئىي ـ سەنئەت ئەسەرلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر بېدىئكارلىرى، رەسساملىرى، ھەيكەلتاراشلىرى، ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇستىلىرى ۋە يەرلىك ئاۋام خەلقنىڭ ئەجىرى ئۈزلاتقان ـ تەرى سىڭگەن بولۇپ ئۇيغۇرستاندىكى قەدىمكى بۇددا سەنئىتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىسىدۇر. ھەيئىلەنمەسلىكى بۇ قىزىل مىڭ ئۆي غارلىرى ئىچىگە بۇددىنىڭ يارالمىش قىسسىلىرى، تەڭرىلەر، راھىپلار، ساكيامونىنىڭ بۇددىدىن تەرغىباتى پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭغا چىلار، ساخاۋەتچىلەر، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلار، كول ـ كىيالار ۋە ھەر خىل نەقىش ئورنەك ئۇخشىلىرى تەسۋىرلىنىپ ياسالغان. بۇ مىڭ ئۆي ئەينى زاماندا كۇچار بۇددىستلىرىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان مۇقەددەس جايى بولغان. قىزىل

ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئورۇننى تەسۋىرى سەنئەتنىڭ يەنە بىر غەزنىسى دەپ ھېسابلايمىز.

بىراقتا خىتاي شوۋىنىستلىرى ئۈگەن دەرياسىنىڭ قومتورا مىڭ ئۆي قىسمىغا بىر سۇ ئېلېكتىر ستانسىسى سېلىپ خەلقىقە ئېلېكتىر بېرىمىز دېگەن باھانە بىلەن دەريا سۈيىنى بۇ تەرىپىگە باشلاپ كەلگەن. بۇ ھالدا سۇنىڭ تەسىرىدىن تىزلىكتە ئاستلاپ سۇ ئورنى كوتۇرۇلۇپ تاغ باغرىنىڭ ئۆتۈشىدە قىسمىدىكى ئۆيلەرگە سۇ كىرىپ تام رەسىملەر سوپىلۇپ چۈشۈشكە باشلىغان. خىتاي شوۋىنىستلىرىنىڭ يەنە بىر جىنايىتى شۇكى «بىز مىڭ ئۆي غار ئۆيلىرىنى رېمونتلايمىز» دېگەن سەۋەپ بىلەن تەبىئىي غار ئېغىزلىرىغا ئىشىك بېكىتكەن، بۇنىڭ بىلەن تاغنىڭ سەلكىن شامىلى ئوتۇشۇپ ئۆتۈرىدىغان غار ئۆيلەرگە شامال ئوتەلمەي ئىخىمۇ زەيلىشىپ تام رەسىملەر زەيلىشىپ، موخلىشىپ، تام رە ـ

1 ـ ئەسىردىن مىلادى 10 ـ ئەسىرگىچە ئارىلىقتىكى بەدىئىي ـ سەنئەت نەمۇنىلىرىدۇر.

8. قىزىل قاغا (بەزى ماتېرىياللاردا قىزىل دوغا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مىڭ ئۆيى، بۇ كۇچارنىڭ شىمالىدا 6 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ ھازىر سان سېلىپ رەتلەنگەن كىمىر ئۆيلەر 39 بولۇپ بۇلاردىن 38 ھوجىر ئۆينىڭ تورۇسلىرىدىكى سۈرەتلەردىن ياشقىسى مۇھاپىزەت قىلىنمىغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. ئەڭ مۇھىم سۈرەتلەردىن نىرۋانا (ئۆلمەيدىغان ۋە قايتا تۇغۇلمايدىغان دۇنيا)، بۇتى، ساكيامونىنىڭ پۈتنىي ئالماشتۇرۇپ ئولتارغان سۈرىتى، بەخت ۋە خوشاللىق مۇئەككىلىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرغان سۈرىتى، مالائىكىلار بەزمىسى، بۇددانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ھېكايەتلىك چاتما سۈرەتلەر، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۇسسۇللۇق ئوبرازلىرى، قاناتلىق پەرىزاتلار، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئوبرىزى ئەكس ئەتكەن سۈرەتلەر بار.

2 ـ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ دائىرىسىگە جايلاشقان مىڭ ئۆيلەر

تۆۋەندىكىچە:

1. يارغول مىڭ ئۆيى. تۇرپاننىڭ غەربىدە تەخمىنەن 10 چاقىرىم كېلىدىغان يارغول كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ جايدا 10 كىمىر ئۆي بار ئىدى. لېكىن مۇھاپىزەت قىلىنماي تاشلاۋەتكەنلىكتىن ھازىر ئۇنىڭ بىر نەچچە ھوجرىسىلا ساقلىنىپ قالغان. قالغانلىرى يوقالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىلاھى قىسسىلەرگە دائىر چاتما سۈرەتلەر، ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرى ماۋزۇ قىلىنغان ئۇسۇللۇق ئوبرازلار، بۇددا نوم ـ سوترالىرىدىن ۋەز ئاڭلاش، مالائىكىلار بەزمىسى، بۇددا ئەۋلىياسى ساكيامونى توغرىلىق ھېكايەتلىك سۈرەتلەر، ھەر خىل چالغۇلار، تۇرمۇش ۋە ئۆرپى ـ ئادەتكە دائىر بۇ كىلاسسىك تام سۈ ـ

مىڭ ئۆيدە سان بېرىپ بېكىتىلگەن غار 236 بولۇپ 2 چاقىرىم دائىرىگە جايلاشقان. ئورۇلۇپ چۈشكەن، بۇزۇلۇپ كەتكەن ھوجرىلار 65 پائىزنى ئىگەللەيدۇ. ھازىر بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىۋاتىدۇ ـ دەپ قاراۋاتقان ھوجرىلارمۇ زەيلىشىپ، بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ ئۆينىڭ ياسىلىش ۋاختى مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچەدۇر.

4. قۇمتۇرا مىڭ ئۆيى ـ («قۇملۇقتىكى تور» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.) كۇچار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 25 چاقىرىمچە كېلىدىغان ئۆگەن دەرياسى ئېقىپ چىقىدىغان تاغ ئېغىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ سوزۇلغان تار ھەم

سىملەر رەڭگى ئۆزگىرىپ تونۇغۇسىز چۈشۈپ قالغان.

5. توغلۇق ئىران (بەزىلەر توغراق ئېقىن دەپمۇ ئاتايدۇ) مىڭ ئۆيى، توخسۇن ناھىيەسىگە 70

سۈرەتتە: قىزىل مىڭ ئۆيدىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنى رەمز قىلغان تام رەسىمى.



سۈرەتتە: قەشقەر ئەتراپىدىكى قېدىمىي ئىبادەتخانا خارابىسى.

رايونىدىكى جىلغا شى كەنتىنىڭ شىمالىدا 5 چاقىرىم كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان. بۇ خارابىلىقنىڭ دائىرىسىدىن قارىغاندا بۇ جايدا ناھايىتى ئۇرغۇن ھوجرا ئۆيلەرنىڭ بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئامما ئەينى زاماندىن تارتىپ تەبىئىي ئاپەت ۋە ھەر خىل بۇزغۇنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ ۋەيران بولغانلىقى بايقىلىپ تۇرىدۇ. 1955 ـ يىلى بۇ مىڭ ئۆينىڭ كەينىدىكى تاغ ئۈستىگە ياسالغان بىر قېدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن ئورخۇن ـ ئېنىسەي يېزىقى، قېدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئويۇلغان ساپال پارچىلىرى، فارفور بۇيۇملار، قېيىن قوۋزىقىغا ئويۇلغان يېزىقلار تېپىلغان ئىدى. ھازىر بۇ مىڭ ئۆيدىن پەقەت 8 كىمىر ئۆيلا ساقلىنىپ قالغان.

3. قىزىل مىڭ ئۆيى. شىنجاڭ بۇددا سەنئىتىنىڭ گۈل تاجىسى بولۇپ، باي ناھىيەسىنىڭ قىزىل يېزىسىنىڭ 10 چاقىرىم جەنۇبىدىكى جايغا يەنى موزات دەرياسىنىڭ شىمال قىرغاقلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېگىز تاغ باغرىغا ئويۇپ ياسالغان. بۇ مىڭ ئۆي ھىندستاندىكى مەشھۇر تاجانتا مىڭ ئۆيىدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ مىڭ ئۆي كۆلەمىنىڭ چوڭلىقى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، سەنئەت غەزنىسىنىڭ مولluqı ۋە رەڭگارەڭ مىللىي تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن پۈتۈن دۇنيا بويىچە مەشھۇردۇر.

ئۇزۇن جىلغىدىكى تاش ھوجرىلار ناھايىتى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. ئەينى زاماندا خىتاي راھىبى شۈەن زاڭ بۇ جايغا كەلگەندە دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا سامكاراماللار خېلە كوپ ئىدى. دەريانىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇقتىكى تور (مونارا)لار بار ئىدى. ھازىر بولسا تورلاردىن بىرسىمۇ قالمىغان. 1950 ـ يىللار ئەتراپىدا ئۆگەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا 110 تاش كىمىر ئۆي تىزىمغا ئېلىنغان ئىدى. ھازىر بولسا بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن.

موشۇ كىمىر ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدا بۇددا نوملىرىدا تەسۋىرلەنگەن مۇھىم ۋەقەلەر، قولىدا دورا تاۋىقى تۇتقان ئەمچى ئۇستازلار، بوستاۋالار، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان پەرىلەر، تاغ ـ دەريالار، شەھەر ـ قەلئەلەر، كۆل ـ كىيالار، ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ رەسىملىرى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ياسالغاندۇر. بۇنىڭدا يەنە قېدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى، خىتاي يېزىقى ۋە باشقا يېزىقلاردىكى بېغىشلىمىلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ كىمىر ئۆينىڭ ئىچىدىكى رەسىملەرنىڭ سىزىلىش ئۇسۇلى ۋە بوياق بېرىلىشى ئۇيغۇرلارغا خاس ئۇسلۇبتا سىزىلغان بولۇپ ئۇ قىزىل مىڭ ئۆيى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ رەسىملەرنىڭ رۇشەن ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىكى، ئىلاھلار ۋە ئادەملەرنىڭ چىراي ـ شەكلى كۈسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىراي شەكلىگە

چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ ھازىر 19 ھوجرا ساقلىنىپ قالغان. 16 ـ ھوجرىدا بۇددا دىنىغا دائىر چاتما سۈرەتلەر، ھەيۋەتلىك ئۇسۇل كۆرۈنۈشلىرى، ئادەم، ئۇچار قۇشلار، ئۆي ھايۋانلىرى ھەم تۇرمۇش ـ ئۆرپى ئادەتلەرگە ئائىت سۈرەتلەر بار. بۇ يەردىكى خارابىلىقتىن قول يازمىلارمۇ تېپىلغان.

6. سىم ـ سىم مىڭ ئۆيى. كۇچارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ ھازىر 30 كىمىر ئۆي ساقلىنىپ قالغان. بۇ كىمىر ئۆيلەرگە بۇددانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ھېكايەتلىك چاتما سۈرەت. بۇددا دىنىدىكى جەننەت ۋە دوزاختىن ئىبارەت ھېكايىلەر سىزىلغان. يەنە ئىككى خىل مەنزىرە، راھەت ـ پاراغەت دۇنياسى، ئىخلاسمەن راھىپلار، ھەر خىل ئۇسۇللۇق ئوبرازلار، كىيىم ـ كېچەك، چالغۇ ئەسۋاپلار كۆرۈنۈشلىرى سىزىلغان كۆرۈنۈشلەر بار.

7. مازار باغ (بەزى ماتېرىياللاردا مازاربەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كۇچار ماھىيەسىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ ئۇ، كۇچاردىن 30 چاقىرىم كېلىدۇ. ھازىر ئۇ جايدا 32 ئۆي ساقلىنىپ قالغان. بىراق بۇ ئۆيلەرنىڭ ساقلىنىشىغا ئېتىۋار بەرمىگەنلىكتىن تورت ئېغىز ئۆيدىن باشقىلىرىنىڭ تام سۈرەتلىرىنى پەرىق ئەتكىلى بولمايدۇ. ساقلىنىپ قالغان سۈرەتلەرگە بۇددانىڭ يارىلىش قىسسىلىرىگە دائىر كوپ قىسىملىق چاتما سۈرەتلەر، قېدىمىي كۈسەن چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى كەۋدىلەندۈرگەن ھەيۋەتلىك ئوركېستىر سۈرىتى، پىل، كەپتەر، ۋە بېلىقلارغا مىنىپ ۋۇركەن مۇڭايىم قىزلار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. مازار باغ مىڭ ئۆيدىكى سۈرەتلەردە بېشى ئادەم، تېنى ئۇچار قۇشلار سىياقىدىكى سىرلىق ھۆر قىزلار، بۇددا نوم ـ سوترالىرىدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاۋاتقان ئىخلاسمەن راھىپلار ۋە باشقا تۇرمۇشقا دائىر سۈرەتلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار مىلادىدىن ئىلگىركى

رەت غەزنىلىرى مىلادى 3 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخنىڭ يالدامىسى بولۇپ قېدىمىي تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

2. تۇيۇق مىڭ ئۆيى. تۇرپان ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 55 چاقىرىم كېلىدىغان تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان بولۇپ ئۇ جايدا ئەسلى 94 كىمىر ئۆي بار ئىدى. بىراق مۇھاپىزەت قىلىشقا ئېتىۋارسىز قارىغانلىقتىن بىر نەچچە كىمىر ئۆيدىكى تام سۈرەتلەرلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ سۈرەتلەر ئارىسىدا روھانىينىڭ ئويقىغا كىتىشى، شاھزادىنىڭ سەلتەنەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ قىرغاۋۇلنى قوتۇلدۇرۇشى، ئاسماندا پەرۋاز قىلىش، تەرىقەتچى راھىپلار، ھەر خىل ئۇسۇللۇق ئوبرازلار، چالغۇ ئەسۋاپلىرى، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىشى، بېزىنىش ئەھۋالىغا ئائىت سۈرەتلەر بار.

3. بېزەكلىك مىڭ ئۆيى. تۇرپاننىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىدا تەخمىنەن 40 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، بۇرۇن 51 كىمىر ئۆي بار ئىدى. لېكىن مۇھاپىزەت قىلىشقا پۈتۈنلەي ئېتىۋار قىلىنمىغانلىقتىن ھازىر پەقەت 15 تەكلا كىمىر ئۆي ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئۆيلەردىكى سۈرەتلەر قەدىر ئەھۋال خېلە ياخشى تۇرۇپتۇ. بۇ ئۆيلەردە قىممەت باھالىق سۈرەتلەر ئىچىدە يالىڭاچ ۋە يېرىم يالىڭاچ قىياپەتتىكى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئوبرازلار، ئەرئايال مۇزىكانتلار ئارىلىشىپ تۇرغان رەسىملەر، قاناتلىق پەرىزاتلار، ساقال ـ بۇرۇتلۇق ئەرلەر، بېشى ئادەم تېنى بېلىق قىياپىتىدىكى ھۆر قىزلار بار.

بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىكى تام سۈرەتلەردە ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاۋاتقان خىلمۇ ـ خىل كىيىنگەن راھىپلار ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئائىت ھەر خىل سۈرەتلەر، قېدىمكى ئۇيغۇرچە، سوغدىچە، خىتايچە بېغىشلىما ۋە ئىمزالار



سۈرەتتە: قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىدىكى تام سۈرەتلەر.

بار. بۇلار مىلادى 3 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولۇپ ژۇقۇرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بەدىئىي سەنئەت يالدامىسى ھېساپلىنىدۇ.

4. سىڭگىم ئېغىزىدىكى مىڭ ئۆي. تۇرپان ناھىيەسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدا تەخمىنەن 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ 10 كىمىر ئۆيى ساقلىنىپ قالغان. ئۇ ھوجرىلاردا بۇددا ئەۋلىياسى ساكيامونى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىغا دائىر دىنىي سۈرەتلەر، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىغا ئائىت چوڭ تىپتىكى رەسىملەر، خەيرى - ساخاۋەتنى تەرغىپ قىلىدىغان مېھرىۋانلىق چاتما سۈرەتلىرى، ھەر خىل چالغۇلار، تۇرمۇش ھەم مەنزىرىگە ئائىت سۈرەتلەرمۇ بار.

1959 - ژىلى بۇ جاي يول قۇرۇلۇشىغا توغرا كېلىپ قىزىپ تەكشۈرگەندە كىمىر ئۆيى خارابىلىرىدىن براھمى يېزىغى، ئۇيغۇر يېزىغى، سانسكرىت يېزىغى ۋە خىتاي يېزىغىدىكى بۇددا نوم - سوترالىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرى، لاي سېغىز، كەجدىن ياسالغان ھەيكەللەر، قوچاقلار ۋە مىس پۇللار تېپىلغان. ژۇقۇرقىلار مىلادى 3 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى بولۇپ ئۇ قېدىمكى ئۇيغۇر سەنئىتىنى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ قىممەتلىك ماددى مەنبەسىدۇر. بىراقتا بۇ تۇرپان تەۋەسىدىكى مىڭ ئۆيلەر ئېگىسىز قېلىپ قاتتىق ۋەيران بولغان ۋە ۋەيران بولۇۋاتىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇرستان تەۋەسىدە 645 كىمىر ئۆيى ساقلىنىپ قالغان.

3 - گرۇپپىغا قاراشەھەر شەھىرىنىڭ غەربىدە 40 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى شىك - شىك مىڭ ئۆيى بولۇپ ئۇنىڭدا 12 كىمىر ئۆيى ساقلىنىپ قالغان. بۇ جايدا جەنۇبىي ئىبادەتخانا خارابىسى، شىمالىي ئىبادەتخانا خارابىسى ۋە مىڭ ئۆيى خارابىسى بار. بۇ كىمىر ئۆيلەرگە بۇددا ئەۋلىياسى ساكيامونى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ھاياتى، پائالىيىتى ھەققىدىكى ھېكايەتلىك سۈرەتلەر، تىۋىنغۇچىلار، تەرىقەتچىلەر، چالغۇ - ئەسۋاپلار، كىيىم - كېچەك فورمىلىرى ۋە تورمۇشقا ئائىت سۈرەتلەر بار. يېقىندا شىك شىك مىڭ ئۆيى خارابىلىرىدىن بىر قېتىم مەشھۇر بۇددا ئەرباپلىرىنىڭ ھەيكەللىرى تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «تاتىخاگايا» بۇتى ھەيكىلى، «گورزە توتۇپ يولۋاسنى دەسسەپ تۇرغان پالۋان ھەيكىلى»، «شەپقەتچى مەبۇد ھەيكىلى»، «بۇتساتىۋا ھەيكىلى» قاتارلىقلار چىققان. ژۇقۇرىدىكى رەسىم ۋە ھەيكەللەر مىلادى 2 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بولغان ئارلىقتىكى بەدىئىي سەنئەتنىڭ تارىخى كارتىنىسى بولۇپ ژۇقۇرى ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

(«مىڭ ئۆي» «يېڭى ھايات» گېزىتىدە بېسىلغان ماقالە. 1993 - ژىل 20 - نويابىر 6 - بەت. ئالمۇتا. يەنە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» 1999 - ژىل 5 - 6 - سان 131 - بەت).

دېمەك پوتكۇل ئۇيغۇرستان تەۋەسىدە 608 كىمىر ئۆيى ساقلىنىپ قالغان. مىڭ ئۆيلەر ئىچىدە ئەڭ كونا، مەزمۇنى جەھەتتە ئەڭ باي بۇ تارىخى يادىكارلىقلار ئىچىدە قۇمتورا مىڭ ئۆيى بىلەن سىم - سىم مىڭ ئۆيى بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ ئۇ بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق جەھەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت، سەنئەت ئەنئەنىسىنى نامايىش قىلىشتا ئەڭ مۇھىم تارىخى مەركەزلىرىنىڭ بىرسىدۇر. لېكىن بۇ تارىخى، مەدەنىيەت مەركىزى خىتاي شوۋىنىستلىرىنىڭ ئەتەي كۆڭۈل بۆلمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. 1961 - ژىلى خىتاي ھۆكۈمەتى مەملىكەت بويىچە «نوختىلىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان تارىخى يادىكارلىق ئورنى» دەپ بېكىتىلگەن قۇمتورا مىڭ ئۆيىدىكى 61 كىمىر ئۆيگە ئۆگەن دەرياسىنىڭ ۋە كەلكۈن سۇلارنىڭ تاشقىن سۇلىرى كىرىپ كىمىر ئۆيلەر سۇ بىلەن تولغان. بۇنىڭ بىلەن كىمىر ئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى تامدىن سوپۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ ئۇگۇلۇپ توگەشكەن.

مانا بۇ ئېمىنىڭ ئالامىتى دېگەندە بۇ خىتاي شوۋىنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل تارىخى يادىكارلىقلىرىنى ئەتەي يوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بوزغۇنچىلىق يالغۇز مىڭ ئۆيلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. كېيىنكى چاغلاردا قاغىلىق، خۇشۇت، قەشقەر، قارا شەھەر ئوخشاش جايلاردىكى قېدىمكى خارابىلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. كۆپۈنچىلىرى تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغان ۋە بەزىلىرى ئىز ئورنىدىن پوتۇنلەي قالماي توپ - توز قىلىپ بوزۇپ تاشلاپ تىرىلغۇ مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. جىمسار ناھىيەسىدىكى شىباۋزى قېدىمكى شەھىرى تارىختىكى مەشھۇر بېشبالىق قەلئەسىنىڭ ئۆزى بولۇپ ھازىر بۇ قېدىمكى قەلئە ئىچىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تامامەن دېگۈدەك كولاپ كېتىلگەن. 1987 - ژىلى پىچان ناھىيەسىدە قەبرىلەرنى قانۇنسىز قېزىش، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللۇنۇشتەك ئالاھىدە چوڭ ۋاقىە يۈز بەرگەن پىچان ناھىيەسىنىڭ دولان كارىز، تىمتو ۋە تۇيوق قاتارلىق جايلاردىكى يۈز نەچچە قەبرىنى قانۇنسىز قېزىپ 384 پارچە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن. يەنە قەشقەر شەھىرىنىڭ چېتىدىكى چاقماق دەرياسى بويىدىكى بۇددا دىنى خارابىلىرى-جەنۇبىي ۋە شىمالىي خانلىقلار زامانىسىغا توغرا كېلىدىغان قاراخانىلار خانلىغىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى بولۇپ قەشقەر رايونىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تونۇش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە يادىكارلىق ئىدى. بىراقتا جەنۇبىي شىنجاڭ كومۇر - تېلېكتر شىركىتى بۇ يەرگە خۇمدان سېلىپ شۇنچە قىممەتلىك قەدىمى خارابە ئىزنى ئېغىر دەرىجىدە بوزۇۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئەتكەسچىلىكى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ زور بۇزغۇنچىلىققا يول قويۇلۇۋاتىدۇ. ھەتتا جەنۇبىي خىتاي رايونلىرىدىن كېلىپ ئەتكەسچىلىك قىلغۇچىلار مەدەنىي يادىكارلىقلارنى توشۇپ كەتكەن. ئۇلار خىجىك (توخسۇن) ناھىيەسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن 26 نورۇندىكىسىنى پۈتۈنلەي ئوغرىلاپ كەتكەن. لوپنۇر ناھىيەسىدىكى قەبرىلەرنىمۇ ئوغرىلاپ قۇرۇقداپ قويغان. يەنە لوپنۇر ناھىيەسىدىكى بۇددا دىنى ئىزلىرىدىكى ئىسىل خاتىرىلەر بىلەن مارالبېشى ناھىيەسىدىكى قەبرىلەردىن چىققان مومىيالانغان ئادەم سۆڭەكلىرىمۇ ئوغرىلىنىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇپ كېتىلگەن.

ئۇيغۇرستاندىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى رەمونت قىلىشقا ھەر ژىلى بېرىلىدىغان خىراجەت پۇل يوقنىڭ ئورنىدا بولۇۋاتىدۇ. يەنى «بەرگەنگە، بەردىم» دېمەكچى بولۇپ بېرىلۋاتقان پۇلدۇر. بەرمىسىمۇ بەردىم دېگەندىن بەردىم دېگەن خەلق ئاراغا ياخشى ئاڭلىنىدۇغۇ؟ بۇ ھەم خىتاي شوۋىنىستلىرىنىڭ مەككارلىقىدۇر.

مانا بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى كۆرگەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىلاجە بولمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئەنىي ئۇنىڭ شەكلىنى خەرىتىگە ئېلىش ئۈچۈن ھەم تامى بىلەن يارغۇل قەدىمكى شەھىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر مىللىون دوللار ئاجرىتىپ بەرگەن، شۇنىڭدەك ئۇ چاردىكى سىم - سىم مىڭ ئويىمۇ بولغان.

ھازىر خىتاي شوۋىنىستلىرى ئاشۇ ئاجرىتىلغان پۇلغا مىڭ ئۆيلەرنى رەمونت قىلدۇق دەپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئىسىل ھۆججەتلىرىنى سۈرۈپ تالاپ ئىچكىرىگە توشۇۋاتىدۇ ۋە بەزىلىرىنى بۇزۇپ يوقىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈزىنى ئىختىيار [illegible] «شىنجاڭ خىتاينىڭ [illegible] كىسى» دېيىشكەن شوۋىنىستلار ئۆزلىرىنىڭ [illegible] ياساپ چىقىۋاتىدۇ.

ئابدۇكېرىم سابىتى،
قارغىلىق.

فاكتلار ھەقىقىي ئەھۋالنى كورسىتىدۇ

«غەربىي رايوننى گۈللەندۈرۈشتىن» كىم پايدا ئېلىۋاتىدۇ؟

كېيىنكى بىر نەچچە ژىلدىن بۇيان خ خ ج دا «غەربىي رايوننى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن داغدۇغىلىق شار كەڭ دائىرىدە ياڭراشقا باشلىدى. (خىتايلار ئۇيغۇرلار دىيارىغا «شىنجاڭ»، «يېڭى يەر»، «يېڭى چېگارا» دەپ نام بېرىپ، بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ يات ئىكەنلىگىدىن دېرەك بېرىدىغان بۇ ئاتالغۇنى ئەندى «غەربىي رايون»، «غەربىي دىيار» دەپ ئاتاپ، ھېلىگەرلىك قىلىۋاتىدۇ). كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ «غەربىي رايوننى گۈللەندۈرەيلى»، - دەپ پۈتكۈل دۇنياغا جار سېلىۋاتقانلىغىنىڭ ئاساسىي مەخسىتى نېمىدىن ئىبارەت؟ بۇ «گۈللەندۈرۈشتىن» يەر ئىگىلىرى- ئۇيغۇرلار قانچىلىك بەھىر ئېلىۋاتىدۇ؟ بۇ سوئاللارغا بىز رەسمىي خىتاي مەتبۇئاتىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن ياققال جاۋاپ ئېلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە نەشىر قىلىنىۋاتقان «ۋېنخۇي باۋ» ۋە «جۇڭگو ياشلىرى» دېگەن ۋە كوپلىگەن باشقا ژىرىك ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىدا داۋاملىق ئېلان قىلىنىۋاتقان كوپلىگەن ماتېرىياللاردىن خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن «كەڭ كولەمدە گۈللەندۈرىۋاتقانلىغىنى» كورۈۋېلىش تەس بولمىسا كېرەك.

مەسىلەن، خىتاي تىلىدىن توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنالىدا بېرىلگەن «غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى «ئۆزەڭگىدىن چۈشسە ئىكەن» دېگەن ماقالىنىڭ مۇئەللىپى ۋاڭ جىنيۇ مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ: «غەربىي رايوننى كەڭ كولەمدە گۈللەندۈرۈش» شارى چىققاندىن كېيىن، غەربىي رايون ئادەملىرىگە ئائىت خەۋەرلەرنى ناھايىتى كوڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان، ئۇلارنىڭ كولەڭگىلىرىنى تېلېۋىزورلاردىن كورىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىش - ئەمەلىنى گېزىتلەردىن ئوقۇپ بىلىدىغان بولدۇم. بۇلاردىن مەندە ھەممىدىن بەك چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغىنى ئىككى ئىش بولدى. بۇنىڭ بىرى، غەربىي رايوننىڭ دېخانلىرى شەرقىي رايوننىڭ (خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى دېمەكچى- يا. س.) دېخانلىرىغا قارىغاندا، ھەقىقەتەن ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن، ھەتتا بەزىلىرى ھازىر ژىتىق - ياماق كىيىم كىيىدىكەن. يەيدىغان، ئىچىدىغىنى ئوماچ ئىكەن. يەنە بىرى، غەربىي رايوننىڭ كادىرلىرى شەرقىي رايوننىڭ كادىرلىرىدىن قېلىشمايدىكەن، ئۇلارغا ئوخشاش كىيىنىدىكەن، ئوخشاشلا يېڭىلا ئاۋتوماشىنىلاردا ژۈرىدىكەن، ئوخشاش ياسىداق بىنالاردا ئولتىرىدىكەن.

موشۇنداق سېلىشتۇرغاندا، ئاددىمدە شۇنداق تەسىرات پەيدا بولىدۇكى، غەربىي رايوندىكى كەمبەغەللىك پەقەت دېخانلارنىڭلا كەمبەغەللىگىدىن ئىبارەت ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي رايوندىكى ئولكە، شەھەر، ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىگىگە شۇنداق بىر تەكلىپ بەرگۈم كەلدى: غەربىي رايوننى گۈللەندۈرۈشنى ئاۋال ئۆزەڭگىلارنى گۈللەندۈرۈشتىن باشلىماي، ئۆزەڭگىلارنىڭ تۇرمۇش ئولچىمىگىلارنىڭ ئۆزەڭگىدىن» چۈشسەڭلار قانداق؟».

خوش، «غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى «ئۆزەڭگىدىن چۈشسە ئىكەن» دېگەن ماقالىدا ۋاڭ جىنيۇ كىملەرنى كوزدە تۇتىۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى بەدىلىگە كىملەر شۇنچىلىك ھاشەمەتلىك، باي تۇرمۇشتا ياىراپ، تېرىسى قىنىغا پاتماي ياشاۋاتىدۇ؟ يەر ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر دېخانلىرى تاڭدىن شامغىچە تەر توكۈپ ئىشلەپ، تېخىچىلا تۇزەككىنە كىيىم - كېچەككە ئىگە بولالماي، يېرىم ئاچ، يېرىم توق نامراتچىلىقتا ياشاۋاتقان بىر ۋاقىتتا. ماقالە مۇئەللىپى ۋاڭ جىنيۇ تەكىتلىگەندەك، غەربىي رايوننىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرى بارلىق جەھەتلەردە، مەيلى كىيىنىشتە بولسۇن، يېيىش - ئىچىشتە بولسۇن، تۇرۇشلۇق ئۆيدە بولسۇن، بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ، خالىغىنىنى قىلىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن غوجايىنلارچە ياشىماقتا.

ۋاڭ جىنيۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ: «كادىرلار پۇل خەشلەش ئۆزەڭگىسىدىن» چۈشسە ئىكەن. غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى «پۇل يوق» دېگەن سوزنى ئاغزىدىن چۈشەرمەيدىكەن. ژۇقۇرىغا تەلەپ قويغاندا دەيدىغان سوزىمۇ پەقەت «پۇل يوق» ئىبارىسى. غەربىي رايوندىكى تەرەققىياتنىڭ ئاستا بولۇۋاتقانلىغىنىڭ تولىمۇ مۇھىم سەۋەۋى موشۇ بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن غەربىي رايوندىكى رەھبەرلەر پۇلنى قەدىرلەمدۇ؟ بىر پۇلنى ئىككى يېرىم پۇل ئورنىدا خەشلەمدۇ؟ ئايرىم گېزىتلارنىڭ يېقىندا بەرگەن خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىغى شۈزۈڭشيۇنىڭ: «يارىم بىر كۈلۈپ باقسا ماڭا، بارى - يوقۇمنى سەدىقە قىلىمەن ئاڭا» دېگەندەك چاقىرىقلىرى بار ئىكەن. ئۇ «ئەي» فامىلىيەلىك بىر چوكانغا ئاشىق بولۇپ، ئىككى قېتىمدىلا ئۇنىڭغا بىر مىللىون يۈەن پۇل بېرىپتۇ، بۇنىڭغا ھەتتا «ئۆزىنىمۇ ئايىماي بېرىۋەتكەن». شۇ چوكاننىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قاپتۇ. شۈزۈڭشيۇڭ كوڭلى چۈشۈپ قالغان يەنە باشقا ئىككى ئايالنىڭ بىرىگە 500 مىڭ يۈەن، يەنە بىرىگە 420 مىڭ يۈەن پۇل بېرىپتۇ. بۇ باشلىق قىسقىغىنا بىر نەچچە ژىل ئىچىدە دولەتنىڭ 31 مىللىون 430 مىڭ يۈەن يەر پۇلىنى ئۆزىنىڭ ئاشنىلىرىغا، دوستلىرىغا «قەرىز» بەرگەن. ئاخىرى بۇ پۇلدىن 21 مىللىون 640 مىڭ يۈەننى قايتۇرىۋېلىشقا ئامال بولمىغان...».

خىتاي كوممۇنىستىك تەرغىبات ئاپپاراتى شۇنچىلىك داغ - دۇغىلىق بىلەن پۈتكۈل دۇنياغا جار سېلىۋاتقان «غەربىي رايوننى گۈللەندۈرۈش» ھەققىدىكى نۇۋەتتىكى ھىلە - نەيرەڭلىك كامپانىيەسىدىن كىملەرنىڭ بېيىۋاتقانلىغىنى، كىملەرنىڭ نامراتلىق ھاياتتىن تېخىچە قۇتۇلالمايۋاتقانلىغىنى بۇ فاكتلاردىن بىلىۋېلىش تەس ئەمەس، ھە، بۇنىڭغا ھېچ بىر ئىزاھىنىڭمۇ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

يادىكار سابىتى.

بۈگۈنكى ئۈرۈمچى.

تەكلىماكان

1

«پەرھات ئۆستىڭى» بىر قانچە تارماق ئېقىنلار بىلەن قوشۇلۇپ، ناھايىتى ئۇلۇق سۇ ھاسىل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ دەريا ئېقىننى بويلاپ چەكسىز كەتكەن ئورمانلار، چىمەنزار يايلاقلار، سۈپ سۈزۈك كوللار بارلىققا كەپتۇ. كەتەك شەھىرى، ئاق شەھەر، توپا شەھەر، ئاۋات شەھىرى قاتار ـ لىق ئۇنلىغان شەھەرلەر بىنا بولۇپ، خەلق ـ لىرى كۆپىيىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئوۋ ـ چى بوۋاي بۇ شەھەردىن چەت بىر باياۋان ـ غا ئوۋغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر دوڭ ـ نىڭ يېنىدا بىر قانچە تۈلكە ياپ يېشىل ئۆسكەن شاخلار ئۈستىدە بىر نەرسە يەۋات ـ قان ئىكەن. ئوۋچى تۈلكىنى ئېتىپتۇ. ئوۋ ـ چى تۈلكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەيران قاپتۇ: شاخلىرى مەجنۇنتالغا ئوخشاش بىر بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، دەرەخ دېسە دەرەخ ئە ـ مەس ئاجايىپ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ شاخ ـ لىرىدا مەرۋايىتتەك تىزىلىپ تۇرغان ژۇمـ ـلاق نەرسىلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. تۈلكە ئەي ـ نە شۇنى يەۋاتقان ئىكەن. ئوۋچى «بۇ قان ـ داق نەرسىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن بىر تال ئۈزۈپ ئاغزىغا سالغانىكەن، ھەسەل ـ دىنمۇ تاتلىق تېتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى خۇرجۇنغا لىق قاچىلاپ، يۇرتىغا قاي ـ تىپ كەپتۇ. ئىككىنچى ژىلى بوۋاينىڭ ئو ـ يى ئەتراپىدا ئاشۇ خىل مەجنۇنتال ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بوۋاي بۇ خاسىيەتلىك ئۆسۈملۈك ـ نى ئاسراپ پەرۋىش قىپتۇ، ئارىدىن ئۈچ ـ تۆرت ژىل ئۆتكەندە ئۇ مېۋە بېرىپتۇ. بوۋاي ـ نىڭ بۇ خاسىيىتى ئەل ـ يۇرتقا تارىلىپتۇ. دەريا بويىدا ياشىغۇچى تومەنلىگەن كىشى ـ لەر ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا باغ ياساپ، مۇشۇ خاسىيەتلىك كوچەتنى ئۆستۈرۈپ، مىسلى ـ سىز جەننەت قۇرۇپتۇ. يۇرت ـ جامائەت جەم بولۇپ بۇ دەرەخكە «تەك» دەپ نام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پايانسىز يۇرتلار ـ نىڭ ئىسمى تەكلىماكان، يەنى تەكلىك ما ـ كان (يۇرت) دەپ ئاتىلىپ، تەك (ئۈزۈم) نىڭ ئەسلى ماكانى بولۇش سۆيىتى بىلەن ئالەمگە داڭقى يېيىلىپتۇ. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ جاينى «تەكلىماكان» دەپ ئاتايدىكەن.

2

تەكلىماكان بۇرۇنقى زامانلاردا ناھايىتى گۈزەل باغۇ بوستان ۋە ئېتىز ـ ئېرىقلار بىـ ـلەن تولغان كاتتا يۇرت ئىكەن. ئېكىنزارلـ ـرىنىڭ ھوسۇللىرى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇر ـ دىكەن. خەلقى ھۈنەر ـ سەنئەتتە تەگداش ـ شىز ئىكەن. يات ئەللەر دايىم بۇ جايغا كوز تىكىدىكەن. ئۇلار كوپ قېتىم ھۇجۇم قىـ ـلىپ بۇ گۈزەل يۇرتنى ئاللاماپتۇ. ئاخىر ئۇ ـ لار كۈھقاپ پادىشاھلىقىغا ئەلچى ماگدۇ ـ رۇپ، كۈھقاپتىن ھازازۇل جادى دېگەن جادىگەرنى سېتىۋېلىپ تەكلىماكان بوستان ـ لىقىغا ئەۋەتىپتۇ. ھازازۇل جادى بۇ يۇرتنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز سېھىر قىپتۇ، سېھرى كارغا يارىماپتۇ، يەنە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئەپسۇن ئوقۇپتۇ، ئەپ ـ سۇنلىرى كارغا يارىماپتۇ. ئاخىر ھاۋاغا كو ـ تۈرۈلۈپتۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا چىن ماچىن پادىشاھى ئاسماندا ـ يەر يۈزىدىن مۇساپـ ـسى 500 ژىللىق ئېگىزلىككە مۇئەللەق شە ـ ھەر قۇرۇش ئۈچۈن يوتكەپ چىققان تاھا ـ يىتى زور بىر تاغ بار ئىكەن. ھازازۇل جادى ھېلىقى غايەت زور تاغنى سېھىر قىلىپ قۇمغا ئايلاندۇرۇپ، گۈزەل، ئاۋات يۇرت تەكلىماكان بوستانلىقىغا قىرىق كېچە ـ كۈن ـ دۈز ياغدۇرۇپتۇ، ئاخىر بۇ گۈزەل يۇرت قۇم تەكتىدە قاپتۇ.



مەجنۇن تال

● مازار ـ قەبرىلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

سادىر پالۋان قەبرىسى

سادىر پالۋان دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە زادى يېڭىلمەپتۇ. مانجۇ چېرىكلىرى ـ مۇ ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا دىر ـ دىر تىترەي ـ دىكەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئومرى ـ دە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن يەتتە قېتىم تۇ ـ تۇلۇپ، زىندانغا تاشلانغان ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ جاسارىتى ۋە پەم ـ پاراستى ھەم يولداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئا ـ مال قىلىپ زىنداندىن قېچىپ چىقىپ، كۈ ـ رەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغان ئىكەن. ھوكۇمران كۈرۈھ سادىرنى «كوزگە قادالغان مىخ» دەپ بىلىپ، ئۇنى يوقىتىشقا كوپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يوقىتىشقا ئامالسىز قالغاچقا، دۈشمەنلىرىنىڭ ژۈرىكى خۇن بولۇپ كېتىپتۇ.

سادىرنىڭ يەتمىش ئۈچ يېشىدا ئۆز ئەجە ـ لى بىلەن قازا تاپقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جاڭجۈڭ ئۆز ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ ئۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ھەر بىرى قەبرىگە يۈز ـ دىن دەررە ئۇرۇپ «ئۈچ»نى ئالغانىكەن.

سەئىدىخان غوجام مازىرى

قېدىمكى زامانلاردا ئۇرپاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېدىرلىق ئېچىدە ئورغۇنلىغان كىچىك بۇلاقلار بار بولۇپ، بۇ يەرگە ئۇزاق زامانلارغىچە ئادەم ئاياق باسمىغان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شۇ ئېدىرلىققا ئانچە ژىـ ـراق بولمىغان بىر مەھەللىدە ياشايدىغان سەئىد ئىسىملىك دېخان بۇ ئېدىرلىققا كې ـ لىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، ئويىگە قاي ـ تىپ دېخانچىلىق سايمانلىرىنى، ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى يېتەرلىك ئېلىپ كېلىپ، بوز يەر ئېچىپ يەر تېرىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ بۇلاقنىڭ كوزلىرىنى ئېچىپ، ئېرىقلارنى چېپىپ كوپ ئەجىر قىپتۇ، كۈزلۈكى ئەجرىگە يارشا مول ھوسۇل ئاپتۇ. كېيىنچە مەھەللىدىن يە ـ نە بىرمۇنچە كىشىلەر سەئىد دېخاننىڭ تە ـ شەببۇسى بىلەن بۇ جايغا كېلىپ تېرىقچى ـ لىق قىلىشقا كىرىشىپتۇ. بارا ـ بارا بۇ جايدا ئادەملەر كوپىيىپ مەھەللىلەر پەيدا بوپتۇ. بىر جۈمە كۈنى سەئىد دېخان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى شۇ جايدىكى ئې ـ گىز بىر دۆڭلۈككە دەپنە قىلىپ چىرايلىق گۈمبەز ياساپ قويۇپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۈمبەز ئەتراپى كېڭىيىپ خېلە چوڭ مازارلىققا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇ يەردە سە ـ ئىد دېخاننى خاتىرىلەپ نەزىر ـ چىراغ ئوت ـ كۈزۈشىدىغان بوپتۇ. كېيىنچە ئۇ يەرنىڭ نا ـ مى «سەئىدىخان غوجام» دەپ ئاتىلىپ، ئەتراپتىكى يۇرت ـ مەھەللىدىكى كىشىلەر بۇ يەرگە زىيارەتكە كېلىدىغان بوپتۇ.

● دەريا ـ ئۆستەڭ، كول ۋە بۇلاقلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

نورۇز بۇلاق

مەھمۇت قەشقەرى «مۇق يولى» ئارقىلىق باغداتقا ئوتۇپ، ئۇ يەردە ئۇزۇن ژىللار ئى ـ لىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، ئومرىنىڭ ئا ـ خىرىدا ئوز يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ، ئازىقتاسەككىز ژىل مۇدەررىسلىك قىلغانىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن تالىپلىرى بار بولۇپ، ھەر ژىلى نورۇز ئېيىدا ئوز تالىپلىرىنى ئەگەشتۈ ـ رۈپ يۇرتىدىكى چەشمە بۇلاققا چىقىپ، ئوز ئارا نورۇزلۇق، غەزەل ـ بېيىتلار ئالماش ـ تۇرۇشۇپ سەيلە قىلىشىدىكەن.شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىلىرىنى ئېلىپ بارىدىكەن. تالىپلار ـ نىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىمۇ شۇ يەردە ئوتكۈزۈلىدىكەن.شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاينىڭ نامى «نورۇز بۇلاق» دەپ ئاتـ ـلىپتۇ، نورۇز بۇلاقنىڭ خاسىيىتى ئەتراپقا تا ـ رىلىپتۇ، تەرەپ ـ تەرەپلەردىن، ژىراق شە ـ ھەرلەردىن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى ئولىما ـ لار، تالىپلار شۇنىڭدىن بېرى بۇ جاينى «ئى ـ لىم بۇلىغى»، «ئىلىمگە ھوددىگەر پىرىم بۇ ـ لىغى» دەپ ئۇلۇغلاپ، «نورۇز بۇلاق»نى زىيارەتگاھ قىلىشىپتۇ. كېيىنكى ئولىما ـ ئا ـ لىملارمۇ ئەينە شۇ ئادەت بويىچە ئوزلىرى تەربىيىلىگەن تالىپلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئۇنۋانى بېرىش مۇراسىمىنى مۇشۇ «نورۇز بۇلاق»تا ئوتكۈزۈپ، ھەزرىتى موللام (مەھ ـ مۇت قەشقەرى)دىن ئىجازەت ئېلىش ئا ـ دەت بولۇپ قالغان ئىكەن.

«ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» كىتاۋىدىن ئېلىندى.

خىتاي

ئۇلۇق داھى ـ 3

جياڭ زېمىن جياڭسۇ ئولكىسىنىڭ ياڭجو شەھىرىدە 1926 ـ ژىلى 16 ـ ئاۋغۇستتا تۇغۇلغان. ئۇ 1947 ـ ژىلى «جەئوتۇن» شاڭخەي پولىتېخنىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتىرىپ، ئىنژېنېر ـ ئېلېكترىك مۇتەخەسسىسلىگىنى ئالغان. ئۇ شۇ مەزگىلدە،يەنى ستۇدېنت ۋاقتىدا (1946) خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولىدۇ. بولغۇسى خ ك پ باش كاتىبى ـ نىڭ س س س ر بىلەن دەسلەپكى تونۇشىشى 1955 ـ 1956 ـ ژىللىرى يۈز بېرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ موسكۋادىكى لىخاچېۋ نامىدىكى ئاۋتوموبىل زاۋودىدا پراكتىكىدىن ئوتكەن ئېدى.

جياڭ زېمىن شاڭخەي، چەنچۇن، ئۇخەن كارخانىلىرىدا ئىشلىگەن، 1985 ـ ژىلى شاڭخەي شەھىرىنىڭ باشلىغى، ئەندى 1987 ـ ژىلى شاڭخەي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى ـ نىڭ كاتىبى بولۇپ تايىنلىنىدۇ. ئەينە شۇنىڭدىن ئۇنىڭ چوڭ پارتىيە ـ دولەتتىكى مەنسەپ پەلەمپىيى بىلەن ژۇقۇرىغا ئورلىشى باشلىنىدۇ.

ئاخىرقى 12 ژىل جياڭ زېمىن ئۈچۈن مۇھىم دەۋر بولدى. 1989 ـ ژىلى خىتاي ئىسلاھاتلىرىنىڭ ئاتىسى دىڭ شياۋپىڭ تيەنئەنمىن مەيدانىدىكى ستۇدېنت ياشلارنىڭ نامايىشىنى تارقىتىۋېتىش توغرىلىق ئوز ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم قارارلارنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خ ك پ مەركىزىي كومىتېتى باش كاتىبى جاۋ زياڭ ـ نىڭ ئىستىپاغا چىقىرىلىشى خ ك پ شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ كاتىبى جياڭ زېمىننى ھاكىمىيەتنىڭ ژۇقارقى چوققىسىغا ئېلىپ كەلدى. 1989 ـ ژىلى دىڭ شياۋپىڭنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئۇ خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىبى بولۇپ سايلاندى، ئەندى شۇ ژىلى نويابىردا ـ مەركىزىي ھەربىي كېڭەشنىڭ (م ھ ك) رەئىسى بولۇپ سايلاندى، بۇ بولسا ئۇنىڭغا ئاۋتوماتىك رەۋىشتە ئالىي باش قوماندانلىق ۋاكالىتىنى بەردى. 1993 ـ ژىلى مارتتا جياڭ زېمىن خ خ ج رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

جياڭ زېمىن ژۇقۇرى سىياسىي مەنسەپلەرنى ئېگىلىگەن 12 ژىل ئىچىدە مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىنى قىلدى ـ دىڭ شياۋپىڭ ئىسلاھاتلىرىنىڭ نەزەرىيەۋىي مىراسىنى ئۇزۇلۈكسىز رەۋىشتە كۈندىلىك ھاياتنىڭ ئەمەلىياتىغا ماسلاشتۇردى. خىتاينىڭ ئاخىرقى 7 ـ 8 ژىل ئىچىدىكى ئىقتىسادىي مۇۋاپپەقىيەتلىرى خ خ ج نىڭ 1949 ـ ژىلىدىن 90 ـ ژىللارنىڭ باشلىرىغىچە قولغا كەلتۈر ـ گەن بارلىق ئىقتىسادىي مۇۋاپپەقىيەتلىرى بىلەن باراۋەر كېلىدۇ دەپ ئېيتىش مۇمكىن. مەملىكەت «كىچىك مولچىلىقنى» قولغا كەلتۈردى، بۇ توغرىلىق دىڭ شياۋپىڭ ئارمان قىلغان ئېدى. ھازىر خىتاي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئوسۇش سۈرئىتى، تاشقى سودا ۋە ئىنۋېستىتسىيەلەر كولەمى، ئالتۇن ـ ۋاليۇتا رېزېرۋلىرى ۋە كوپلىگەن باشقا كورسەتكۈچلەر بويىچە ئا ق ش ۋە ياپونىيە بىلەن بىر قاتاردا ئۈچ دۇنياۋىي لىدېرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كوپلىگەن ئېكسپېرتلار خىتاينى 21 ـ ئەسىرنىڭ بولغۇسى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىقتىسادىي رىۋاجلانغان دولەت دەپ ئاتىماقتا.



بېيىل ئىيۇندا خ ك پ نىڭ 80 ژىللىغى ھارپىسىدا خىتايدا جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچ ۋاكالەتلىك» توغرىلىق يېڭى پارتىيە كونسېپسىيەسى ئېلان قىلىندى. ئاددىي قى ـ لىپ ئېيتقاندا نەزەرىيەنىڭ ماھىيىتى شۇ ـ نىڭدىن ئىبارەتكى، خ ك پ ھازىرقى زامان باسقۇچىدا ئىلغار تېخنولوگىيە ۋە ئىختىساتقا («ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى»)، مە ـ دەنىيەتكە ۋە پۈتكۈل خەلقنىڭ مەنپىيەتلى ـ رىگە ۋاكالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بى ـ لەن بىر ۋاقىتتا جياڭ زېمىن ھوكۇمران پارتىيەگە كىرىشكە ئوتتۇرا سىنىپ ۋە چوڭ تىجارەت ۋەكىللىرىگە يول ئېچىشنى، شۇنـ ـداقلا خ ك پ دا زىيالىلارنىڭ رولىنى باش ـ قا «ئەمگەكچى سىنىپلار» بىلەن باراۋەرلەش ـ تۈرۈشنى تەكلىپ قىلدى.

جياڭ زېمىن تاشقى سىياسىي ستراتېگىيەدە، ئىلگەركى رەھبەرلىكنىڭ ئاساسىي قا ـ ئىدىلىرىنى (كوپ قۇتۇپلۇق كونسېپسىيە، بلوكلارغا ۋە ئىتتىپاقلارغا قوشۇلماسلىق، گېگېمونىزمنى تەنقىتلەش ۋە ھاكازىلار) ئەمەلىياتتا خەلق ئارا سىياسەتتە يېڭى ياندى ـ شىشلارنى بەلگۈلەيدۇ. جياڭ زېمىن ـ ئامېرىكىنىڭ رازۋېدچىك سامولىيوتى بىلەن يۈز بەرگەن ھەممىگە مەلۇم توقۇنۇشتىن كې ـ يىن ھازىرقى ئا ق ش مەمۇرىيىتىنى «ئور ـ نىغا قويۇشنى» بىلگەن دۇنيادىكى دەسلەپـ ـكى لىدېرلارنىڭ بىرىدۇر. شۇ نەرسە خاراك ـ تېرلىككى، ئامېرىكىلىقلار بىلەن بولغان قات ـ تىق مۇزاكىرىلەرگە قارىماي جياڭ زېمىن ئا ق ش بىلەن مۇناسىۋەتلەرنىڭ كېيىنكى خاراكتېرى توغرىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش ـ قا خىتاي پارتىيە ۋە ھەربىي رەھبەرلىكىنىڭ ئەشەددىي كونسېرۋاتىۋ قانىتىنىڭ ئارىلىشى ـ شىغا يول قويمىدى. ئىپتىماقچى، ۋاشىنگتون ـ دىمۇ ئا ق ش سامولىيوتى بىلەن خايناندا بول ـ غان توقۇنۇشتىن كېيىن بېجىنغا نىسبەتەن بولغان كوز قارىشىنى ئوزگەرتتى. پرېزىدېـ ـنت بۇشنىڭ خىتايغا نىسبەتەن دەسلەپكى قاتتىق تاكتىكىسىدىن پەيدىن ـ پەي چەت ـ لىشىش يۈز بەرمەكتە. ئا ق ش تا «سوغ مۇ ـ ناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنى» ئەكسىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى خىتاي كونسېرۋاتورلىرى بىلەن ئورتودوكسلىرىغا ئويېكتىۋ ھالدا ئوك يا ـ ماشتىن كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنىڭ ئا ـ لىي دەرىجىلىرىدىكى مەۋقەلىرى خېلىلا كۈچلۈك ئېكەنلىگىنى چۈشىنىشكە باش ـ لىدى.

خىتاي لىدېرىنىڭ ھازىرقى يېشى ـ بۇ ھايات يولىنىڭ چوققىسى بولۇپ، بۇ چاغ ـ دا ئادەم توپلىغان تەجرىبىسىنى فىلوسوف ـ يەلىك ئومۇملاشتۇرىدۇ ۋە باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. جياڭ زېمىن ئۈچۈن بۇ قې ـ دىمى قانۇن ئېنىق ماھىيەتكىمۇ ئېگە: 2003 ـ ژىلدىن كېيىن، يېشىنىڭ يېتىپ قالغانلىقىغا باغلىق پارتىيە ۋە دولەتتىكى رەھبىرىي لاۋازىملىرىدىن ئىستىپاغا چى ـ قىپ، لېكىن مەركىزىي ھەربىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لاۋازىمىنى ئوزىدە قالدۇرۇپ، ئۇ، دىڭ شياۋپىڭنىڭ ئۈلگىسى بويىچە، خىتاي سىياسەتچىلىرىنىڭ يېڭى ئەۋلادى كەلگەنـ ـدە تۇراقلىقلىق ۋە ۋارىسلىقنىڭ ئوز ئالاھىدىلىگىگە ئېگە كاپالىتى بولىدۇ.

باش مۇھەررىر
ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044
ئېيەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 ـ قەۋەت،
813 ـ خانە

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى ـ جاۋاپكەرلىگى چەكلەنگەن «ۋىسال» شىركىتى.
تىراژى 1238 زاكاز 9698

تېلېفون:
73 ـ 84 ـ 59

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г. Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

Отпечатано в ЗАО «Дәуір».

М12З4 5678910П 12З45678910